# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

4

1996

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

# «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»

(پەسىللىك ئۇنىۋېرسال ئىلمىي ژۇرنال)

1996 - يىل 4 - سان
ئومۇمىي 34 - سان

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر
ئىسلامجان شېرىپ

## ئاساسلىق ماقالىلار

### پەلسەپە، سىياسى نەزەرىيە

شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە ...
........................ سىدىق يۇنۇس 1
دىڭ شياۋپىڭنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا
........................ ئىمىن قارى قەيۇم 6

### ئىقتىساد، بازار

بازار ئىگىلىكى «قانۇن - تۈزۈم ئىگىلىكى»لا ئەمەس، بەلكى «قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان ئىگىلىك»
........................ مەمتىلى دانى 10

### تارىخ، تەزكىرە

تۇرپان ئويمانلىقىدىن تېپىلغان ئۆزگىچە يادىكارلىقلار ........................ ئابلىم قەييۇم 18

### ئەدەپ - ئەخلاق

بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئىسلام دىنى ئەخلاقىنىڭ ماھىيىتىنى يەنىلا توغرا تونۇش كېرەك
........................ مۇھەممەت يۈسۈپ تاھىرى 30

### ئۆرپ - ئادەت

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىگە بىر نەزەر
........................ تاھىرجان مۇھەممەت 33
«تېچلىقمۇ» دېگەن سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى توغرىسىدا ........................ ھېكىم زۇنۇن 40

### مەدەنىي - مائارىپ

ئالىي مەكتەپلەردىكى قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلار جەمئىيەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە مۇھتاج
........................ ئوبۇلقاسىم روزى 43

### نەشرىيات - ئاخبارات

مىللىي نەشرىياتچىلىق ۋە ئىجادىيەت ........................ ئابدىرېشىت ئابدىراخمان 55

### ئەدەبىيات - سەنئەت

ئۇيغۇرلارنىڭ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى
........................ غەيرەتجان ئوسمان 60
شېئىرىيەتتىكى ماھارەت ۋە شائىر تەپەككۇرى ........................ قاۋسىلقان قامىجان 63
تىراگېدىيىلىك شەخس ئاننا ھەققىدە ........................ ھەبىبۇللا ئابدۇسالام، گۈلشەن بەسىر 74

---

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى) : ئا. رەجەپ، ئا. راخمان، ئا. توختى، ئابدىقادىر نەسىردىن، پەرھات سىيىت، مەمتىمىن ياسىن، مۇھەممەت رەجەپ، مۇھەممەت شاھابىدىن، مۇھەممەت ئوسمان، مىجىت ئىمىن، س. خېۋىر، سەمەت ئەيسا، تۇرسۇن سادىر، شېرىپ ئىمىن، ئىسلامجان شېرىپ، قۇدرەت ئېزىز
تەھرىر ھەيئىتىنىڭ پەخرى مۇدىرى: تۇرسۇن سادىر، ئابدۇرېھىم رەجەپ. دائىمى مۇدىرى: ئىسلامجان شېرىپ
بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىسلامجان شېرىپ، قەيسەر قەييۇم

# شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىنى قاتتىق تىزگىنلەشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە

سىدىق يۇنۇس

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش، كېيىنكى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بىر قەدەر باياشات سەۋىيىگە يېتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش داۋامىدا نوپۇس مەسىلىسى باشتىن - ئاخىر ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. نۆۋەتتە نوپۇس سانىنىڭ كۆپلىكى، كۆپىيىشىنىڭ تېزلىكى، سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلىكى شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە چەكلەپ تۇرماقتا. شۇڭا، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش، سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

1) ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭنىڭ نوپۇسى ئىنتايىن تېز كۆپەيدى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەھەتتە ئىنتايىن قالاق ھالەتتە تۇرۇپ قالغان بولۇپ، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىمۇ ناھايىتى ئاستا بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىلدى. كەڭ - كۆلەمدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلدى. سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، مەدەنىيەت، مائارىپ، قاتناش، ترانسپورت، سەھىيە، تەنتەربىيە قاتارلىق ھەر قايسى ساھەلەردە غايەت زور تەرەققىيات بارلىققا كەلدى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يىلدىن - يىلغا ئۆستى، داۋالىنىش شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىمۇ ئىنتايىن تېز بولدى. مەسىلەن، 1953 - يىلى مەملىكەت بويىچە نوپۇسنى تۇنجى قېتىم ئومۇمىي يۈزلۈك تەكشۈرگەندە، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 4 مىليون 870 مىڭغا يېتىپ، ئۈچ يىلدا 536 مىڭ 600 نوپۇس كۆپەيگەن. 1964 - يىلى 2 - قېتىم ئومۇمىي يۈزلۈك تەكشۈرگەندە، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 7 مىليون 280 مىڭغا يېتىپ، 11 يىلدا 2 مىليون 440 مىڭ نوپۇس كۆپەيگەن. 1982 - يىلى 3 - قېتىم ئومۇمىي يۈزلۈك تەكشۈرگەندە، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 13 مىليون 81 مىڭ 661 گە يېتىپ، 18 يىلدا 6 مىليون 306 مىڭ نوپۇس كۆپەيگەن. 1990 - يىلى 4 - قېتىم ئومۇمىي يۈزلۈك تەكشۈرگەندە، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 15 مىليون 155 مىڭ 778 گە يېتىپ، 8 يىلدا 2 مىليون 74 مىڭ 145 نوپۇس كۆپەيگەن. 1994 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 16 مىليون 327 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. 1949 - يىلدىن 1994 - يىلغىچە بولغان 45 يىل ئىچىدە جەمئىي 11 مىليون 993 مىڭ 600 نوپۇس كۆپەيگەن بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 266 مىڭ 500 دىن كۆپرەك نوپۇس كۆپەيگەن. بۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى چوڭراق بىر ناھىيىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىغا باراۋەر كېلىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن، شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ ئىنتايىن تېز كۆپىيىشىدە ئومۇمەن ئىككى سەۋەب بار. بىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىشى ئىنتايىن تېز بولدى. مەسىلەن، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 1942 - يىلىدىكى 4 مىليون 42 مىڭدىن كۆپىيىپ، 1994 - يىلى 10 مىليون 166 مىڭ 600 گە يەتتى. 45 يىلدا 6 مىليون 126

مىڭ 660 نوپۇس كۆپەيدى. يەنە بىرى شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ مىخانىك كۆپىيىشى تېز بولدى. ئازادلىقتىن كېيىن مەركەزنىڭ چېگرا رايونلارغا ياردەم بېرىش، چېگرا رايونلارنى گۈللەندۈرۈش، چېگرا رايونلارنى ئېچىش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن زور بىر تۈركۈم ئەمگەك كۈچى ئاپتونوم رايونىمىزغا كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشتى. نەتىجىدە، خەنزۇلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 1949 - يىلىدىكى 290 مىڭدىن كۆپىيىپ 1994 - يىلى 6 مىليون 160 مىڭ 400 گە يەتتى. 45 يىل ئىچىدە 5 مىليون 870 مىڭ 400 نوپۇس كۆپەيدى.

ئۆتكەن يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىنى 2000 - يىلغا بارغاندا 18 مىليون 450 مىڭ ئىچىدە، 2010 - يىلغا بارغاندا 22 مىليون ئىچىدە تىزگىنلەش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەگەر بۇ كۆرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىساق، 1994 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 353 مىڭ 833 دىن نوپۇس كۆپىيىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى 10 يىلدا ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 355 مىڭدىن نوپۇس كۆپىيىدۇ. ئەگەر يېڭىدىن كۆپەيگەن ھەر بىر نوپۇسنى كۈنىگە بىر جىڭدىن ئاشلىق ئىستېمال قىلىدۇ دەپ پەرەز قىلساق، بىر يىلدا 12 مىليون 957 مىڭ 500 جىڭ ئاشلىقنى ئارتۇق ئىشلەپچىقىرىشىمىز كېرەك. ھەر بىر نوپۇسنى بىر ئايدا بىر كىلوگرام گۆش ئىستېمال قىلىدۇ دەپ پەرەز قىلساق، بىر يىلدا 4 مىليون 260 مىڭ كىلوگرام گۆشنى ئارتۇق ئىشلەپچىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ . . . . قىسقىسى، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش خىزمىتىنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ.

2) شىنجاڭ نوپۇسى ئىنتايىن تېز كۆپەيگەنلىكتىن بوستانلىقلاردىكى نوپۇسنىڭ زىچلىقى زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1 مىليون 660 مىڭ 400 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، تەخمىنەن 2مىليارت 490 مىليون مو كېلىدۇ. پۈتۈن مەملىكىتىمىز قۇرۇقلۇق يەركۆلىمىنىڭ $\frac{1}{6}$ قىسمىنى ياكى 16% نى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا، جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ ئۆلكە دەرىجىلىك ئاپتونوم رايون ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، شىنجاڭ مەملىكەتبويىچە ئىچكى ئەڭ قۇرغاق رايون بولۇپ، دېڭىز - ئوكيانلارغا يىراق، يامغۇر ئىنتايىن ئاز ياغىدۇ. شىنجاڭنىڭ شەرقىي شىمالىدا ئالتاي تاغ تىزمىسى، ئوتتۇرا قىسمىدا تەڭرى تاغ تىزمىسى، جەنۇبىي قىسمىدا قارا قۇرۇم ۋە كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسى بار. بۇ ئۈچ چوڭ تاغ تىزمىسى ئىچىدىكى ئالتاي تاغ تىزمىسى بىلەن تەڭرى تاغ تىزمىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنى ئارىغا ئېلىپ تۇرىدۇ. تەڭرى تاغ تىزمىسى بىلەن كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسى تارىم ئويمانلىقىنى ئارىغا ئېلىپ تۇرىدۇ. جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ يىللىق ھۆل يېغىن مىقدارى 200 مىللى مېترغا يەتمەيدۇ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ يىللىق ھۆل يېغىن مىقدارى ئادەتتە 100 مىللى مېتىردىن تۆۋەن بولۇپ، ئوتتۇرا قىسمىدىكى 337 مىڭ 600 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 50 مىللى مېترغىمۇ يەتمەيدۇ. لېكىن ئىككى ئويمانلىقتىكى سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1000 مىللى مېتىردىن 3000 مىڭ مىللى مېترغىچە بولۇپ، بۇ ئويمانلىقلارغا ياققان يامغۇرنىڭ ھەممىسى پارغا ئايلىنىپ كېتىپ، سۇ ئېقىمىنى شەكىللەندۈرەلمەيدۇ. ئۇندىن باشقا، ئاپتونوم رايونىمىز ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 95% دىن كۆپرەكى تاغلىق، قۇملۇق، چۆل - جەزىرە، تاشلىق يەرلەر بولۇپ، ئادەملەرنىڭ ھايات كەچۈرۈشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان، سۇ مەنبەسى بىر قەدەر تولۇق بولغان چوڭ - كىچىك 500 دىن ئارتۇق بوستانلىق بار. بۇ بوستانلىقلارنىڭ ئومۇمىي يەركۆلىمى ئاپتونوم رايونىمىز ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ پەقەت 3.53% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئەنە شۇ كىچىككىنە بوستانلىقلاردا ئاپتونوم رايونىمىز ئاھالىسىنىڭ تەخمىنەن 85% دىن كۆپرەكى توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ. 1949 - يىلى شىنجاڭدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر

كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 0.38 دىن نوپۇس، بوستانلىقلاردا ئوتتۇرىدا ھېساب بىلەن ھەر بىر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 86.6 دىن نوپۇس توغرا كېلىپ، «يېرى كەڭ، بايلىقى مول، ئادىمى شالاڭ» رايون دەپ ئاتالغان ئىدى. 1994 - يىلى ھەر بىر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9.8 دىن نوپۇس، بوستانلىقلاردا ھەر بىر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 326 دىن نوپۇس توغرا كېلىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر بىر كۋادرات كىلومېتىر يەردىكى ئوتتۇرىچە نوپۇس زىچلىقى 125 ئادەمدىن كۆپ ئارتۇق بولۇپلا قالماستىن، خېنەن، سىچۈەن، شەنشى، گۈيجۇ، گۇاڭشى، جىلىن، خېيلۇڭجاڭ، يۈننەن، نىڭشيا قاتارلىق ئۆلكە ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئوتتۇرىچە نوپۇس زىچلىقىدىنمۇ خېلى كۆپ يۇقىرى بولدى. ئۇندىن باشقا شىنجاڭدىكى شەھەر - بازار نوپۇسىنىڭ زىچلىقىمۇ مەملىكىتىمىزنىڭ شەھەر بازار نوپۇسىنىڭ ئوتتۇرىچە زىچلىقىدىن يۇقىرى بولدى. مەسىلەن 90 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ھەر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 22 مىڭ 537 دىن، قەشقەر شەھىرىدە 14 مىڭ 878 دىن، شىخەنزە شەھىرىدە 4710 دىن، قۇمۇل شەھىرىدە 1789 دىن، غۇلجا شەھىرىدە 2329دىن ئادەم توغرا كەلگەن.

3) شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ ئىنتايىن تېز كۆپىيىشى ئارقىسىدا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى يىلدىن - يىلغا كېمىيىپ كەتتى. 1949 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 18 مىليون 140 مىڭ مودىن كۆپرەك بولۇپ، شۇ چاغدىكى ھەر بىر نوپۇسقا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4.2 مودىن توغرا كېلەتتى. 50 - يىللاردىن باشلاپ كەڭ كۆلەمدە بوز يەرلەر ئۆزلەشتۈرۈلۈپ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1964 - يىلىغا كەلگەندە 46 مىليون 255 مىڭ موغا يەتتى. كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6.4 مودىن تېرىلغۇ يەر توغرا كەلگەن ئىدى. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 47 مىليون مودىن ئېشىپ كەتتى. لېكىن نوپۇس ئىنتايىن تېز كۆپەيگەنلىكتىن كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2.9 موغا چۈشۈپ قالدى. 49 - يىلىدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 1.3 مو، 1964 - يىلىدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 3.5 مو كېمىيىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى بىر قەدەر ناچار، تۆۋەن ھوسۇللۇق يەرلەر بولۇپ، ئوخشىمىغان دەرىجىدە شورلىشىپ كەتكەن تېرىلغۇ يەر 16 مىليون مودىن كۆپرەك بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ $\frac{1}{4}$ قىسمىنى ئىگىلەيدىكەن. بۇندىن كېيىن تەبىئىي ئاپەت ۋە سۈنئىي ئاپەتنىڭ كاشىلىسىدىن تېرىلغۇ يەرلەرنى قۇم بېسىپ كېتىش، شورلىشىپ كېتىش، سۇ يېتىشمەي ئاق تاشلىۋېتىش، ئىلگىرى ۋەيران قىلىۋېتىلگەن يايلاقلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، شەھەر - بازار قۇرۇلۇشى، يول قۇرۇلۇشى، تۇرالغۇ - جاي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كۆپلەپ يەر ئىشلىتىش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن تېرىلغۇ يەر كۆلىمى داۋاملىق كېمىيىپ كېتىشى مۇمكىن. بەزى يولداشلار: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەر بايلىقى مول، ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان بىر قەدەر ياخشىراق بوز يەر 70 مىليون مودىن ئاشىدۇ، بوز يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق تېرىلغۇ يەر يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ، ئەندىشە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، دېيىشىدۇ. مېنىڭچە، بۇنداق قاراش ھېچ بولمىغاندا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھازىرقى ئەمەلىيىتىگە ئانچە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى، ئازادلىقتىن كېيىن، ھەر يىلى كۆپەيگەن نوپۇسنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كەڭ كۆلەمدە بوز يەرلەر ئېچىلىپ مۇنبەت تېرىلغۇ يەرلەرگە ئايلاندۇرۇلدى. ئۆزلەشتۈرۈلگەن بۇ بوز يەرلەر ئەسلىدە گىيا ئۈنمەيدىغان قاقاسلىق بولماستىن، سۇ، تۇپراق شارائىتى خېلى ياخشى، دەل - دەرەخ، ئوت - چۆپلەر خېلى باراقسان ئۆسىدىغان يېشىلزارلىقلار ئىدى. ھازىر بۇنداق يەرلەر ئاساسىي جەھەتتىن ئېچىلىپ بولدى. بۇندىن كېيىن ئۆزلەشتۈرۈلىدىغان 70 مىليون بوز يەر بولسا شارائىتى ناچار، يېتەرلىك

سۇ، مەبلەغ، تېخنىكا، ماشىنا - ئۈسكۈنە، ئەمگەك كۈچى بولمىسا ئۆزلەشتۈرگىلى بولمايدىغان يەرلەر بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا يېتەرلىك ئەمگەك كۈچى بولسىمۇ، سۇ، تېخنىكا كۈچى، مەبلەغ يېتىشمەسلىك تۈپەيلىدىن كۆپلەپ بوز يەر ئېچىپ تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى زور كۆلەمدە كۆپەيتىش ئىمكانىيىتى ئانچە چوڭ ئەمەس. شىنجاڭدا سۇ بولمىسا بوستانلىق بولمايدۇ. سۇ بولمىسا تېرىقچىلىق قىلغىلى، سۇ بولمىسا باشقا ئىقتىسادىي كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. سۇ شىنجاڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ جان تومۇرى ھەم نوپۇسنىڭ سىغىمىنى بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ ئامىل، بوز يەرلەرنى مۇنبەت تېرىلغۇ يەرلەرگە ئايلاندۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. لېكىن، شىنجاڭدا سۇ ئىنتايىن قىس، شۇڭا، يەر بايلىقى ئۈستۈنلىكىنى ھازىرچە ئەمەلىي ئۈستۈنلۈك دەپ قاراش توغرا بولمايدۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ مۇھىتنىڭ نوپۇسنى سىغدۇرۇش ئىقتىدارىمۇ ئېشىپ بارىدۇ. بىراق بۇمۇ چەكسىز ئەمەس، ئەلۋەتتە. بايلىقلارنىڭ ئېچىلىپ پايدىلىنىش دەرىجىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن ھالەتتە تۇرماقتا. شۇنداق بولسىمۇ 2010 - يىلىغىچە يېڭىدىن كۆپىيىدىغان 5 مىليون 763 مىڭ نوپۇسنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئاز دېگەندىمۇ 16 مىليون 712 مىڭ 700 مو بوز يەر ئېچىپ تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى 64 مىليون 712 مىڭ 700 موغا يەتكۈزۈش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1 مىليون 114 مىڭ 180 مودىن بوز يەر ئېچىشقا توغرا كېلىدۇ. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا 2010 - يىلى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى 1994 - يىلىدىكى 2.9 مو سەۋىيىسىدە ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن غايەت زور كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، «يېرى كەڭ، بايلىقى مول» شىنجاڭدا، سۇ، تۇپراق ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى بىلەن ھېسابلاشماي، كۆلىمى ئىنتايىن چەكلىك، تاغدىن ئېقىپ كەلگەن ئېرىق - ئۆستەڭ سۈيى بىلەن كۆكىرىدىغان بوستانلىقلارنىڭ نوپۇسنى، سىغدۇرۇش ئىقتىدارىنى كۆزدە تۇتماي، نوپۇسنىڭ قارىغۇلارچە كۆپىيىشىگە يول قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

4) شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ تېز كۆپىيىشى ئارقىسىدا ئەمگەك كۈچى يېتىشمەسلىك ۋەزىيىتىگە ئۈزۈل - كېسىل خاتىمە بېرىلىپ، بىر تۈركۈم ئەمگەك كۈچى ئېشىپ قېلىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. 1953 - يىلى شىنجاڭدا ئەمگەك يېشىدىكى نوپۇس 2 مىليون 608 مىڭ 716 بولۇپ، 1982 - يىلىغا كەلگەندە 6 مىليون 705 مىڭ 545 كە يېتىپ، 29 يىل ئىچىدە 4 مىليون 96 مىڭ 829 ئادەم كۆپەيگەن. 1983 - يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى 180 مىڭدىن 250 مىڭغىچە ئەمگەك يېشىدىكى نوپۇس كۆپەيگەن. نەتىجىدە 1989 - يىلى «1 مىليون 80 مىڭ ئەمگەك كۈچى ئېشىپ قېلىش» ۋەزىيىتى شەكىللىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بېسىمىنى خېلى زور دەرىجىدە ئاشۇرىۋەتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ يېشى يەنە ياشلار تىپىغا قاراپ يۈزلەندى، ھازىرقى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 58% دىن كۆپرەكىنى ياش - ئۆسمۈرلەر تەشكىل قىلىدۇ. «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» دېگەندەك، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇزاققا قالماي ئەمگەكچىلەر قوشۇنى سېپىگە قېتىلىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئەمگەك يېشىدىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 68.15% دىن كۆپرەكى يېزىلارغا تارقالغان، ئۇلارنىڭ سانى 4 مىليون 600 مىڭدىن ئاشىدۇ. تېرىلغۇ يەرلەر يىلدىن - يىلغا ئازىيىپ كېتىۋاتقان ئەھۋالدا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى يىلدىن - يىلغا كۆپىيىدۇ. ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن، باشقا كەسىپلەرگە قوبۇل قىلىپ يۆتكەپ ئىشلىتىش ئىمكانىيىتى يوق. يېزىلارنىڭ ئۆزىگە ئورۇنلىشىپ كېتەلمەيدۇ. نەتىجىدە يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ شەھەر - بازارلارغا كۆپلەپ ئېقىپ كىرىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ - دە، شەھەر - بازارلارنىڭ نورمال تۇرمۇش تەرتىپىگە مۇئەييەن تەسىر كۆرسىتىدۇ.

5) شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ سانى كۆپ بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى سۈپىتى ئىنتايىن تۆۋەن. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالمايدۇ. 1994 - يىلى مەملىكەت بويىچە نوپۇسنى 4 - قېتىم ئومۇمىي يۈزلۈك تەكشۈرۈشتە ئېلىنغان سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە نوپۇس بىلەن ساۋاتسىز، چالا ساۋات نوپۇسنىڭ ئومۇمىي سانى 8 مىليون 888 مىڭ 726 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ 80% دىن كۆپرەكى يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق نوپۇسى بولۇپ، مەدەنىيەت سەۋىيىسى تېخىمۇ تۆۋەن، شۇڭا نوپۇسنىڭ سانىنى قاتتىق

تىزگىنلەپ، سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش لازىم.

يۇقىرىدىكى يۈزەكى تەھلىلدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ھاللىق نىشانغا يېتىشتە، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش، سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. شىنجاڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول رايون بولسىمۇ، بوستانلىقلارنىڭ كۆلىمى كىچىك، سۇ قىس، قۇرغاق رايون بولغانلىقتىن نوپۇسنى سىغدۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكى تولۇق ئىسپاتلاندى. 2010 - يىلغا بارغاندا شىنجاڭ نوپۇسىنى 22 مىليون ئىچىدە تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچى بېكىتىلدى. بۇنداق بېكىتىش شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ ئىنتايىن قىيىن مەسىلە بولسىمۇ، بارلىق ئامىللار بىلەن تىرىشىپ ئورۇنلاش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش لازىم.

بىرىنچى، تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ نوپۇس ئېڭىنى ئۆستۈرۈش لازىم. تەشۋىقاتنى كۈچەيتىشتە، ھەر قايسى گېزىت، ژۇرنال، رادىئو، تېلېۋىزىيە قاتارلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، نوپۇسنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، نوپۇسنىڭ جايلىشىش ئالاھىدىلىكى، دۆلىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نوپۇس سىياسىتى، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى قاتتىق تىزگىنلەپ، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ دۆلەتكە، جەمئىيەتكە، ھەر مىللەت خەلقىگە كەلتۈرىدىغان پايدىسى قاتارلىق تەرەپلەردىكى بىلىملەرنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ نوپۇس ئېڭىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ھەممە ئادەم ئاڭلىق ھالدا شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن تۆھپە قوشىدىغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

ئىككىنچى، دۆلىتىمىزنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشقا ئائىت بەلگىلىمىلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش لازىم. پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىتى. ئاپتونوم رايونىمىزدا 1981 - يىلدىن باشلاپ خەنزۇلار ئارىسىدا، 1988 - يىلدىن باشلاپ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇت يولغا قويۇلغاندىن تارتىپ 1994 - يىلغىچە ئاز دېگەندىمۇ 1 مىليون 600 مىڭدىن ئارتۇق بالا كەم تۇغۇلدى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىشىنى كونترول قىلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك، ئەڭ ئىشەنچلىك چارىسى. مەملىكىتىمىز جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات بىلەن ماسلىشىشى كېرەك. پىلانسىز تۇغۇش نەتىجىسىدە نوپۇس قارىغۇلارچە كۆپىيىپ، مۇئەييەن چەكتىن ئېشىپ كەتسە، تەرەققىيات توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. بىرمۇنچە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرالغۇ جاي، قاتناش، مائارىپ، داۋالاش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە تەلەپ بىلەن تەمىنلەش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كەسكىنلىشىپ كېتىدۇ. بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ گۈللىنىشى نوپۇسنىڭ ئاز كۆپلىكىگە ئەمەس، بەلكى نوپۇسنىڭ سۈپىتىگە باغلىق، نوپۇسنىڭ ساغلاملىق دەرىجىسى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى قانچە يۇقىرى بولسا، زامانىۋى پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگىلەش ئىقتىدارى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. مانا بۇ مىللەتنىڭ گۈللەپ ياشناۋاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى. پىلانلىق تۇغۇت يولغا قويۇلسا، پەرزەنتلەرنىڭ قاتارغا قېتىلىش ئۈنۈمى ئۆسىدۇ. ئائىلىنىڭ، جەمئىيەتنىڭ تۇرمۇش يۈكى يېنىكلەيدۇ. خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق.

شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون، شۇنداقلا ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىيات جەھەتتە بىر قەدەر ئارقىدا قالغان رايون. نۆۋەتتە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات زور نوپۇس بېسىمىغا دۇچ كەلمەكتە، شۇڭا، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى قاتتىق تىزگىنلەشتە پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نوپۇس سىياسىتىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا قارىتىپ، ئۈنۈم ھاسىل قىلىش لازىم.

ئۈچىنچى، شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىنى قاتتىق تىزگىنلەشتە نوپۇس كۆز قارىشىنى يېڭىلاش كېرەك. شىنجاڭ ئازاد بولغان 45 يىلدىن بۇيان ئىزچىل ھالدا «شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول، ئادىمى شالاڭ، ئەمگەك كۈچى يېتىشمەيدۇ» دەپ كېلىۋاتىمىز، 60 - يىللاردىن ئىلگىرى مۇشۇنداق قاراش تامامەن توغرا ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىدى. 45 يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ قىياپىتىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش بولدى. نوپۇسمۇ مىسلىسىز دەرىجىدە تېز كۆپەيدى. ئەمگەك كۈچى يېتىشمەسلىك ھالىتىگە ئۇزۇل - كېسىل خاتىمە بېرىلدى. 70 - يىللاردىن كېيىن نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى چەكلەش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 80 - يىللاردىن باشلاپ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى يولغا قويدۇق ۋە خېلى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدۇق. بۈگۈنكى كۈندە، نوپۇس مەسىلىسى شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ تۇرماقتا. مۇشۇنداق ئەھۋالدا يەنىلا «نوپۇسى شالاڭ، ئەمگەك كۈچى يېتىشمەيدۇ» دەيدىغان ئەنئەنىۋى كۆز قاراشنى ئۆزگەرتكىنىمىز يوق. بۇ نوپۇس سىياسىتىنىڭ ئۈنۈملۈك ئىجرا قىلىنىشىغا، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى ئۈنۈملۈك ھالدا چەكلەشكە بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ، شۇڭا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئەنئەنىۋى نوپۇس قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، توغرا بولغان نوپۇس قارىشىنى تۇرغۇزۇشىمىز لازىم. بۇنداق قىلىش شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ قارىغۇلارچە كۆپىيىشىنى چەكلەشكە، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئۈنۈملۈك ئىجرا قىلىشقا پايدىلىق.

# دېڭ شياۋپىڭنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا

ئىمىن قارى قەيۇم

ھەر قانداق ھەقىقىي پەلسەپە دەۋر روھىنىڭ جەۋھىرىدۇر. شۇنداق بولغاچقا ھازىرقى دەۋرنىڭ ئەڭ ئاساسىي ۋەزىيىتى ۋە يۈزلىنىشى بولغان ھەر قانداق مۇھىم ئامىل دەۋر روھىنىڭ جەۋھىرى بولغان پەلسەپىدە يۇقىرى دەرىجىدە مۇجەسسەملەنگەن ۋە يىغىنچاقلانغان بولىدۇ. شۇڭا، ھەر قانداق بىر خىل پەلسەپىنىڭ «ۋەزىيەتتىن مۇقەررەر ھەقىقەتنى كۆرەلىشى» - دەۋرنىڭ ھەر خىل چوڭ يۈزلىنىشىنى ئىگىلەش - ئىگىلىيەلمەسلىكى، پەلسەپىنىڭ ھەقىقىي پەلسەپە بولۇش - بولماسلىقى ھەمدە ھەقىقىي دەۋر روھىنىڭ جەۋھىرى بولغان پەلسەپە بولۇش - بولماسلىقىنىڭ تۈپ بەلگىسىدۇر.

ماركس، ئېنگېلس كاپىتالىزم دەۋرىدە ياشىغان بولۇپ، ئۇلار كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش يۈزلىنىشىنى چوڭقۇر ئىگىلەش ئاساسىدا كاپىتالىزم جەمئىيىتىنى سىياسىي، ئىدىيە، ئەخلاق قاتارلىق كۆپ تەرەپلەردىن تەتقىق قىلدى ھەمدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ يۈزلىنىشىنى پەلسەپە جەھەتتىن چوڭقۇر ئىگىلەپ، كاپىتالىزم مۇقەررەر ھالاك بولىدۇ، سوتسىيالىزم مۇقەررەر غەلىبە قىلىدۇ دېگەن مەشھۇر يۈزلىنىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. مانا مۇشۇ يەكۈن ئاساسىدا پەيدا بولغان ماركسىزملىق پەلسەپە بىر خىل ئىلمىي دۇنيا قاراشقا ئايلىنىپ دەۋر روھىنىڭ ھەقىقىي جەۋھىرىگە ئايلاندى. ئۇنىڭ ئورنى ۋە تەسىرىنى ئوخشاش دەۋردىكى ھەر قانداق پەلسەپىگە تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ.

ئوخشاشلا يولداش ماۋزېدۇڭمۇ ئۆزى ياشىغان مەزگىللەردە يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر كۆزىتىش ۋە ئەتراپلىق تەھلىل قىلىش ئارقىلىق يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ بىر قاتار لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي يۈزلىنىشىنى، ۋەزىيىتىنى ھەقىقىي يوسۇندا چوڭقۇر كۆرسىتىپ بەردى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ گەرچە مەخسۇس پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنى يازمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ۋەزىيەتنىڭ يۈزلىنىشىنى ئىگىلەشتە، پەلسەپىۋى تەپەككۇرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەشكە ماھىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىدىيىسى ماركسىزملىق ئىدىيە غەزىنىسىدە نۇر چاچىدۇ. تېخىمۇ ئاز ئۇچرايدىغىنى شۇكى، بۇ خىل تەپەككۇر ئالاھىدىلىكى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىدىيىسىدە يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش دەۋرىگىچە ئىزچىل ساقلانغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە يولداش دېڭ شياۋپىڭ «دىئالېكتىكىغا ئاساسەن ئىش قىلىش» دېگەن مەشھۇر سۆزنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئىنقىلاب ۋە ئۇرۇش ئەمەلىيىتىدە مۇشۇ پرىنسىپتا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ جانلىق سىياسەتلەرنى تۈزۈپ، كېيىنكى ئىنقىلاب ئىشلىرىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى جۇڭگو

جەمئىيىتىنىڭ چوڭ ۋەزىيىتىنى چوڭقۇر ئىگىلەش ۋە تەھلىل قىلىش ئاساسىدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيە سىستېمىسىنى ئىجادچانلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ پەلسەپەۋى ئىدىيىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

1. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بەرپا قىلغان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئومۇمىي خەلق بىردەك ئېتىراپ قىلغان بولۇپ، بۇ نەزەرىيىنىڭ پەلسەپەۋى ئاساسىنى ئىگىلەشتە ھەر كىمنىڭ كۆز قارىشى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. مېنىڭچە تۆپ يىلتىزدىن قارىغاندا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ پەلسەپەۋى ئاساسى ئەلۋەتتە ماركسىزملىق پەلسەپىدۇر. لېكىن، شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇش زۆرۈركى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسى دېڭ شياۋپىڭنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىدۇر. بىز مانا مۇشۇ كۆز قاراشقا ئاساسەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدە ئېنىق پەلسەپەۋى چوڭقۇرلۇق يوق دېگەن كۆز قاراشنى كەسكىن رەت قىلىمىز. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى ئومۇمىي تەسەۋۋۇرىدا دېڭ شياۋپىڭنىڭ پەلسەپەۋى ئىدىيىسى يۈكسەك دەرىجىدە مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، جۇڭگو ۋە دۇنيانىڭ بىر قاتار چوڭ مەسىلىلىرى ئۈستىدە بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا توختىلىپ، ئۆزگىچە بولغان پەلسەپەۋى ئىدىيىسىنى شۇ ئارقىلىق شەرھىلىگەن. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىشتىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ دىققەت قىلغان نۇقتىلىرى جۇڭخۇا مىللەتلىرى شۇنداقلا پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلى مەسىلىدۇر. بۇ ھەم ھازىرقى پەلسەپەشۇناسلار ئەھمىيەت بېرىپ كېلىۋاتقان مەسىلىدۇر. بۇ نۇقتىنى فېيېرباخ ئاخىرقى ئۆمرىدە يازغان ئەسەرلىرى ۋە ئېنگېلس قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرسەكلا چۈشىنىپ يېتەلەيمىز. دېڭ شياۋپىڭنىڭ سۆزى ۋە دىئالوگلىرى چوڭقۇر بولغان نەزەرىيىۋى كۆز قاراش ۋە پەلسەپەۋى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر.

2. دېڭ شياۋپىڭ ماۋزېدۇڭغا ئوخشاشلا بىر ماتېرىيالىزمچى بولۇپ، ئۇ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشنى ماتېرىيالىزم ۋە ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى دەپ قارايدۇ؛ ئوخشىمايدىغىنى دېڭ شياۋپىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۆلچىمى بىلەن باغلاپ بىر گەۋدە قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئۆلچىمىنى تۆپ پرىنسىپ قىلغان ئۇزۇل - كېسىل ماتېرىيالىزمنى شەكىللەندۈرگەن. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئۇزۇل - كېسىل بولغان ماتېرىيالىزمدىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇمنى كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان. مەزمۇن جەھەتتىن ئالغاندا ئۇزۇل - كېسىل ماتېرىيالىزم دېگىنىمىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولغان - بولمىغانلىقىنى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ توغرا بولغان - بولمىغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان تۆپ پرىنسىپ قىلىشنى؛ مەلۇم ئىجتىمائىي تۈزۈم ياكى تۈزۈلمىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى ياكى ساقلاپ قالغىلى بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئاساسىي ئۆلچەم قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا ئۇزۇل - كېسىل بولغان ماتېرىيالىزم دېگىنىمىز، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تۆپ ئۆلچەم قىلىپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك نەرسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ئىنكار قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىنى ئىنكار قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئۆلچىمىنى تۆپ پرىنسىپ قىلىش شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزۇل - كېسىل

www.uyghurkitap.com



ماتېرىيالىزم بولىدۇكى، بىرىنچى، پەقەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تۈپ ئۆلچەم قىلغاندىلا، ئاندىن جەمئىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەت ۋە جەمئىيەت بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ. ئىككىنچى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئەسلىدىلا كىشىلەرنىڭ بىر خىل ماددىي كۈچىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا، ماھىيەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى كىشىلەرنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى يەنى كىشىلەرنىڭ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ماددا ئالماشتۇرۇش جەريانىدا شەكىللەنگەن ماددىي كۈچتۇر.

3. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىدە، «پەن - تېخنىكا - بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى» نۇقتىئىنەزىرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ھەممىدىن بەك ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. «پەن - تېخنىكا - بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى» نۇقتىئىنەزىرى پەن - تېخنىكىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ۋە ئېچىپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى پەن - تېخنىكا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى شۇنداقلا بوسۇش نۇقتىسىدۇر. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئۆتكۈرلۈك بىلەن بۇ نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ: «پەن - تېخنىكا - بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى»① دەپ كۆرسەتتى. بۇ نۇقتىئىنەزەرنىڭ پەلسەپىۋى مەنىسى دەل ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئەمەلىيەت پائالىيىتىنىڭ تۈپكى ئالاھىدىلىكىنى ئېچىپ بەرگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «پەن - تېخنىكا - بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى» دېگەن بۇ يېڭى تىپىدىكى ئەمەلىيەت قارىشى - ماركسىزمنىڭ ئەمەلىيەت قارىشىنىڭ ھازىرقى دەۋردىكى چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

4. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماۋزېدۇڭغا ئوخشاشلا دىئالېكتىكچى. بىرىنچى ئەۋلاد ئۇستاز يولداش ماۋزېدۇڭ كۆپ قېتىم دېڭ شياۋپىڭنىڭ دىئالېكتىكا بويىچە ئىش بېجىرىشكە ماھىرلىقىنى ماختىغان ئىدى. دىئالېكتىكا بويىچە ئىش بېجىرىشكە ماھىر بولۇش دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. بىراق يولداش دېڭ شياۋپىڭ ھەرگىز دىئالېكتىكىنىڭ ھەر خىل كىلاسسىك بايانلىرىنى ئاددىي تەكرارلىغان ئەمەس. ئۇ پەقەت دۇنيا قاراش قاتلىمىدىن دىئالېكتىكىغا مۇئامىلە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى دىئالېكتىكىنى خىزمەت ئۇسۇلىنىڭ ئەمەلىيەت قاتلىمىغا تەدبىقلاپ، بىر خىل ئاڭلىق، ئەتراپلىق، پىلانلىق بولغان ئىجتىمائىي پائالىيەت دىئالېكتىكىسىنى شەكىللەندۈردى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل ئەتراپلىق، پىلانلىق بولغان ئىجتىمائىي پائالىيەت دىئالېكتىكىسى تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتىن ئىپادىلىنىدۇ. بىرىنچى، «ئىككى قولدا تۇتۇش»، «ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش» دىئالېكتىكىسى. «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش بولسا ھەقىقىي ھالدا ھازىرقى جەمئىيەتتىكى خىلمۇ - خىل زىددىيەتلەرنى، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئۆزئارا سىڭىشتۇرۇپ، ماسلاشتۇرۇپ، بىرلىككە كەلتۈرۈش ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ بىر تىزدا تەرەققىي قىلىش يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئىككىنچى، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ دىئالېكتىكىسى. يەنى تەرەققىيات جەريانىدىكى مۇقىملىقتۇر. ئۇنداق بولمىغاندا مۇقىملىق تۇرغۇنلۇققا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. مۇقىملىق نىسبىي بولىدۇ، ھەرگىز مۇتلەق بولمايدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ شەكىللەندۈرگەن ئەتراپلىق، پىلانلىق، ئىجتىمائىي پائالىيەت دىئالېكتىكىسى دەل جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىشىدىكى خىلمۇ - خىل زىددىيەتلىرىنىڭ

① دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما، 3- توم ئۇيغۇرچە 567 - بەت.

ياخشى يۇرۇشۇپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان.

5. دېڭ شياۋپىڭنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى - ئېچىۋېتىلگەن دۇنيانى ئاساس قىلغان دۇنيا قارىشى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ نۇقتىئىنەزەرى بويىچە، «هازىرقى دۇنيا - ئوچۇق دۇنيا»① ئېچىۋېتىلگەن دۇنيا دېگەنلىك، ھەر قايسى مىللەت ۋە دۆلەتلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش، ئۆزئارا سىڭىشىش، ئۆزئارا چەكلەش — ئۆزئارا تايىنىش ئارقىلىق دۇنيانىڭ بىر گەۋدىلىشىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئېچىۋېتىلگەن دۇنيانىڭ شەكىللىنىشى دۆلەتلەر، رايونلار ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ھەر قانداق بىر مىللەت ۋە دۆلەتلەرنىڭ دۇنيانىڭ تارىخ مۇساپىسىدىن ئۆزۈن مۇددەت ئايرىلىپ، يەككە - يېگانە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇ خۇددى ئادەمنىڭ مۇسكۇلىنىڭ قان ئايلىنىش سىستېمىسىدىن ئايرىلىپ تۇرالمايدىغانلىقىغا ئوخشايدۇ. نۆۋەتتە، ھەر قانداق بىر مىللەت ۋە دۆلەت پەقەت پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئەمەلىي باغلىنىش ئورنىتىپ، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش شەكلىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىقلا ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ چۈشەنچىسى، چوڭقۇر مەناغا ئىگە. ئۇ ئەمەلىيەتتە ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئالاقە پائالىيەتلىرىنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش قانۇنىيىتىنى ۋە بىكىنمە ھەرىكەتلەرنىڭ تەكرار تەسىر كۆرسىتىش ئاخىرىدا ئاجىزلىشىپ مېڭىش قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بەردى.

يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەرەپلەر جۇڭگودىكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسلىق تەرەپلىرىگە چېتىلىدۇ. بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ نۇرغۇن چوڭ نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئېنىق كۆزەتكەنلىكىنى ۋە ئېچىپ بەرگەنلىكىنى ئاسانلا بايقىيالايمىز. ئۇنىڭ تەپەككۇرىنىڭ ئىپادىلەش شەكلى بولغان تىلمۇ يىغىنچاق، ئاممىباپ ۋە چۈشىنىشلىك بولغان بولۇپ دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنى ئۆزىگە خاس پەلسەپىۋى كۆز قاراش بىلەن ئىپادىلىگەن. بۇ مەنىدىن قارىغاندا دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمنى چۈشەنمىگەنلەر دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ھەقىقىي رەۋىشتە چۈشىنەلمەيدۇ. مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا يولداش جياڭ زېمىن «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى»نى ئۆگىنىشكە چاقىرغاندا يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەسەرلىرىدىكى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ئىلمىي دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيىنى تىرىشىپ ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش لازىملىقىنى تەكىتلىدى.

قىسقىسى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ مەخسۇس پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنى يازمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ زامانىمىزدىكى جۇڭگو بىلەن دۇنيانىڭ تۇرلۇك ۋەزىيىتىنى كارامەت ئىگىلەپ، تۇرلۇك ماھىيەتلىك نەرسىلەرگە دىققەت ئېتىبارىنى قاراتقانلىقىدىن يولداش دېڭ شياۋپىڭنى مۇشۇ ئەسىردىكى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ نەزەرىيىۋىشۇناس ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

---

ئەدەپ شۇنداق ئۆزۈككى، ئەگەر ئۇ ھەر كىمنىڭ تەسەررۇپ بارمىقىغا مۇۋاپىق كەلسە، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇق نامى ھەممە مەركىلەردە جەۋلان قىلىدۇ.

— بارھۇردار ئىبىن مەھمۇد

---

① «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3 - توم 130 - بەت.

# بازار ئىگىلىكى «قانۇن - تۈزۈم ئىگىلىكى»لا ئەمەس، بەلكى «قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان ئىگىلىك»

مەمتىلى دانى

پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدىكى نەزەرىيىچىلەر ئالدىنقى بىر قانچە يىلدا بازار ئىگىلىكىنىڭ زادى قانداق ئىگىلىك ئىكەنلىكى مەسىلىسى ئۈستىدە قىزغىن تالاش تارتىش ئېلىپ باردى. بۇ تالاش تارتىشنىڭ قۇيرىقى تېخىچە ئۈزۈلگىنى يوق. ئۇلارنىڭ ئاساسىي قارىشى مۇنداق تۆت تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار: بىرىنچى، «بازار ئىگىلىكى قانۇن - تۈزۈم ئىگىلىكى»؛ ئىككىنچى، «بازار ئىگىلىكى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان ئىگىلىك»؛ ئۈچىنچى، «بازار ئىگىلىكى قانۇن - تۈزۈم ئىگىلىكىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان ئىگىلىك»؛ تۆتىنچى، «بازار ئىگىلىكى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان ئىگىلىك ئەمەس، قانۇن - تۈزۈم ئىگىلىكى» دېگەنلەردىن ئىبارەت.

بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەرنىڭ نۇقتىئىنەزەرى مۇنداق: «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى چوقۇم قانۇن ئارقىلىق يېتەكلىنىشى، قېلىپلاشتۇرۇلۇشى، كاپالەتلەندۈرۈلۈشى ۋە تىزگىنلىنىشى كېرەك»، «ھۆكۈمەتنىڭ قېلىپلاشتۇرۇلمىغان ھەر قانداق ئىش ھەرىكىتى بازارنى بۇزىدۇ ۋە قالايمىقانلاشتۇرىدۇ. بەزى مۇھىم ماكرولۇق تەڭشەش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشتا چوقۇم قانۇننىڭ نوپۇزىغا تايىنىشقا ھەمدە قانۇننىڭ تىزگىنلىشىنى قوبۇل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ» («شەنشى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىلى 10 - سانىدىكى چېن جۇنشۈننىڭ ماقالىسىدا). «ئەنئەنىۋى يۇكسەك مەركەزلەشتۈرۈلگەن پىلانلىق ئىگىلىك مەمۇرىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن بولسا، بازار ئىگىلىكى ئاساسلىقى ئىقتىسادىي ۋە قانۇنىي ۋاسىتىلار ئارقىلىق يۈرۈشلەشتۈرۈلىدۇ. ۋەھالەنكى، ئىقتىسادىي ۋاسىتە شۇنداقلا باشقا ۋاسىتىلار ئارقىلىق يۈرۈشلەشتۈرۈش دېگەنلەرمۇ مۇناسىپ قانۇنلارنىڭ كاپالىتىگە تايىنىدۇ. شۇڭا مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بازار ئىگىلىكى قانۇن - تۈزۈم ئىگىلىكىدۇر. مۇكەممەل قانۇن - تۈزۈم بولمىسا مۇكەممەل بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بولمايدۇ. قانۇننىڭ قېلىپلاشتۇرۇش، بىرلىككە كەلتۈرۈش، تۇراقلاشتۇرۇش ۋە مەجبۇرلاش خاراكتېرى بازار ئىگىلىكىنىڭ يۈرۈشلىشىش شارائىتى ۋە بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنىڭ تەلىپىگە تولىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ» («قانۇنچىلىق گېزىتى»نىڭ 1992 - يىلى 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىكى سانىدا)، «بازار ئىگىلىكى قانۇن - تۈزۈم ئىگىلىكى، دېگىنىمىزدە بازار ئىگىلىكىنىڭ قانۇن - تۈزۈم ئاساسىدا يۈرۈشلىشىدىغان، تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەر قانۇن ئارقىلىق ئايرىلىدىغان ۋە تەڭشىلىدىغان ھەمدە قانۇن ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئىگىلىك ئىكەنلىكى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.» «بازار ئىگىلىكىنىڭ قانۇن - تۈزۈم ئىگىلىكى بولۇشى زۆرۈر ۋە ئەلۋەتتە، چۈنكى بۇنى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بەلگىلىگەن، بىراق خۇددى ئېلىمىزنىڭ بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى پىشىپ يېتىلىشتىن خېلىلا يىراق تۇرۇۋاتقىنىدەك، بىزنىڭ قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىمىزمۇ بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىدىن خېلىلا يىراق تۇرۇۋاتماقتا. بۇ ھۆكۈمنى ئېلىمىزدە رېئاللىقتا ئايلاندۇرىمىز دەيدىكەنمىز، ئىنتايىن مۇشەققەتلىك ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلىشىمىز كېرەك». «ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قانۇن سىستېمىسى ئاساسەن پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن شەكىللەندۈرۈلگەن. گەرچە بازار ئىگىلىكى بىر قانچە يىللاردىن بېرى ئۇخشىمىغان دەرىجىدە يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، بىراق قانۇن چىقىرىش سىستېمىمىزدا زور ئۆزگىرىش

بولمىدى . . . . . . چىقىرىلىشقا تېگىشلىك قانۇنلار ۋاقتىدا چىقىرىلمىدى، چىقىرىلغانلىرى بولسا چۇۋالچاق بولۇپ قېلىپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلىشالمىدى» («ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ 1993 - يىل 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىكى كاڭ ۋېينىڭ ماقالىسىدا)، «قانۇننىڭ كاپالىتى ۋە قانۇن - تۈزۈمنىڭ تەڭ قەدەملىك تەرەققىياتى بولمىسا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئۈنۈملۈك ھالدا بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس» («قانۇنچىلىق گېزىتى» نىڭ 1992 - يىلى 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىكى سانىدا). «قانۇننىڭ قېلىپلاشتۇرۇلۇشىدىن ئايرىلغان بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام ۋە ئۈنۈملۈك تەرەققىياتقا ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇ بازار ئىگىلىكىنىڭ ئەسلى ئالاھىدىلىكىدىن ئايرىلغان ئىگىلىكتۇر». «بازار ئىگىلىكى قانۇن - تۈزۈمگە مۇراجىئەت قىلماقتا، رېئاللىق قانۇن - تۈزۈم ئىگىلىكىگە مۇراجىئەت قىلماقتا» (خۇنەن «خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىل 3 - سانىدا).

ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەرنىڭ نۇقتىئىنەزەرى مۇنداق: «بازار ئىگىلىكىدىكى ‹ئەركىنلىك›، ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي مونوپوللىقى ۋە سىياسىي بېسىمىغا نىسبەتەن ئېيتىلغان بولۇپ، ھەرگىزمۇ مۇتلەق ئەركىنلىك ۋە ئەركىن خاھىشچىلىق ئەمەس. شۇڭا ئۇ يەنىلا قېلىپلاشتۇرۇلۇشى، قانۇن ئارقىلىق تىزگىنلىنىشى لازىم. مەسىلە قانداق قانۇننىڭ يەنى بازار ئىگىلىكىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىگە ماس كېلىدىغان قانۇننىڭ ياكى پىلانلىق ئىگىلىكتىن ئىبارەت كونا رامكا بويىچە ئىقتىسادىي بېسىم يۈرگۈزىدىغان قانۇننىڭ، بازار ئىگىلىكى سۇبيېكتىنىڭ ھوقۇقى كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان قانۇننىڭ ياكى ئۇنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى قىلىدىغان قانۇننىڭ بولۇشىدا. قانۇن چىقىرىشتا كەڭچىل بولۇش، ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە، پۇقرالار ۋە قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە ئۇلارنىڭ باشقا تېخى ئېنىقلاشمىغان ياكى ئەينى پەيتتە مۆلچەرلەش قىيىن بولغان يېڭى ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىگە ئىمكانىيەت قالدۇرۇپ قانۇندا چەكلەنمىگەن ئىشلاردا ئەركىن بولۇش پرىنسىپىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. ئىلگىرىكى قانۇن چىقىرىشتا قاتتىق بولۇش، ئىجرا قىلىشتا كەڭچىل بولۇشتەك ئەھۋال بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق ئەمەس» («ئىجتىمائىي پەنلەر گېزىتى» نىڭ 1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان گوداۋخۇينىڭ ماقالىسىدا). «ئېلىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى تەدرىجىي بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت. بازار ئىگىلىكى ماھىيەتتە قانۇن بىلەن باشقۇرۇلىدىغان بىر تۈرلۈك ئىگىلىك. ئۇ ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر سۇبيېكتلىرىنىڭ ھوقۇق، مەجبۇرىيەت ۋە ھەرىكەت قائىدىلىرىنىڭ ھەمدە ھۆكۈمەت پائالىيىتىنىڭ قانۇن شەكلى ئارقىلىق ئومۇمىيۈزلۈك قېلىپلاشتۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنىڭ ئىچكى تەلىپى ۋە ئورگانىك تەركىبىي قىسمى. بازار ئىگىلىكى تەرتىپى دېگىنىمىز ئالدى بىلەن بارلىق ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ ۋە ئىقتىسادنى باشقۇرۇشنىڭ قېلىپلىشىشى، تۈزۈملىشىشى ۋە قانۇنلىشىشىنى كۆرسىتىدۇ. بازار ئىگىلىكىدە ھەر قايسى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر سۇبيېكتلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى ۋە ئورنى چوقۇم قانۇن تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشى ۋە قوغدىلىشى، بازار تەرتىپى قانۇن ئارقىلىق قېلىپلىشىشى ۋە قانۇن بىلەن باغلىنىپ تۇرۇشى كېرەك. بازار پائالىيىتى دۆلەتنىڭ يېتەكلىشى، ئارىلىشىشى ۋە تەڭشىشىگە مۇھتاج. بۇ خىل يېتەكلەش، ئارىلىشىش ۋە تەڭشەشمۇ قانۇنىي پرىنسىپ ۋە قانۇنىي ۋاستە ئارقىلىق بولۇشى كېرەك» («قانۇنچىلىق گېزىتى» نىڭ 1992 - يىل 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان ليۇجېڭنىڭ ماقالىسىدا).

ئۈچىنچى خىل قاراشتىكىلەرنىڭ نۇقتىئىنەزەرى مۇنداق: «بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئۆزىدىكى ئىچكى قانۇنىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ‹بازار ئىگىلىكىنىڭ ماھىيىتى قانۇن - تۈزۈم ئىگىلىكى ئەمەس،

بەلكى ئەركىن ئىگىلىك، دېيىشىنىڭ ئورنى بار. بىراق بۇ يەردىكى «ئەركىن» لىك ھەرگىزمۇ مۇتلەق ئەركىنلىككە ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي مونوپولىيىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا. بازار ئىگىلىكى قانۇننىڭ قوغدىشىغا مۇھتاج، شۇڭا ئەركىن ئىگىلىك بىلەن قانۇن ـ تۈزۈم ئىگىلىكى ئۆز ئارا زىددىيەتلىك ئۇقۇم ئەمەس. گەپنىڭ توغرىسىنى دېسەك، بازار ئىگىلىكى چوقۇم قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان ئىگىلىك بولۇشى كېرەك. بىزنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىمىز بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرىلا بار ئىدى. ئەمدىكى گەپ ئۇنى قانداق «قانۇن» غا تايىنىپ ۋە قانداق پرىنسىپقا ئاساسلىنىپ «باشقۇرۇش» تا. ئۆز تارمىقىنىڭ ۋە باشلىقلارنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئۆز ئورنىنىڭ ھوقۇقىنى كېڭەيتىش، پۇقرالار ۋە قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە خالىغانچە چاك سېلىش ياكى ئۇنى تارتىۋېلىش مەقسىتىدە ئۆزلىرى تۈزۈۋالغان «قانۇنسىز قانۇن» لار «ئادەم ئارقىلىق باشقۇرۇش ئاستىدىكى قانۇن ـ تۈزۈم» بولۇپ، ئۇنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە تەتبىقلىغىلى، يەنى ئۇنى «قانۇن ـ تۈزۈم ئىگىلىكى» دېگەن ئاتالمىغا يولاتقىلى بولمايدۇ. بۇنداق «ئادەم ئارقىلىق باشقۇرۇش ئاستىدىكى قانۇن ـ تۈزۈم»، كۆچىيىپ كەتسە ۋە دېموكراتىك بولغان قانۇن ـ تۈزۈملەردىن يىراقلىشىپ كېتىلسە، ئۇنىڭ بازارغا بولغان بۇزغۇنچىلىقى ۋە زىيىنى نوقۇل ئادەم ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان «تەستىقلىما ئىگىلىك» نىڭكىدىنمۇ زور بولىدۇ. چۈنكى، كېيىنكىسى پەقەت مەلۇم شەخسنىڭ ئىرادىسىنىڭ بازار ئىگىلىكى سۇبيېكتى پائالىيىتىگە قىسمەن دەخلى قىلىشى بولۇپ، ئايرىم مەسىلە قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئالدىنقىسى بولسا ئاتالمىش «قانۇن» غا ئاساسلانغان، دۆلەت ئىرادىسىدىن ئىبارەت تامغا بېسىلغان قانۇنغا دەخلى تەرۇز قىلىش ھەرىكىتى بولۇپ قالىدۇ، پۇقرالار ۋە بازار ئىگىلىكى سۇبيېكتلىرى ئادەتتە بۇ خىل «قانۇن» لارنى ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىپ سالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۇزۇن مۇددەت دەخلى تەرۇز قىلىپ قويىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بازار ئىگىلىكى «قانۇن ـ تۈزۈم ئىگىلىكى» لا ئەمەس، بەلكى «قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان ئىگىلىك» بولۇشى، ئۇ، دېموكراتىك، ئادىل، ھەققانىي بولغان، شۇنداقلا بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ پرىنسىپىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان «قانۇن» ئارقىلىق باشقۇرۇلۇشى كېرەك. مانا بۇ ھازىرقى زامان مەنىسىدىكى «قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش» نى كۆرسىتىدۇ» («ئىجتىمائىي پەنلەر گېزىتى» نىڭ 1992 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان گۇداۋخۇينىڭ ماقالىسىدا).

تۆتىنچى خىل قاراشتىكىلەرنىڭ نۇقتىئىنەزىرى مۇنداق: «بازار ئىگىلىكى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان ئىگىلىك» دېگەن ئاتالما يەنىمۇ مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ. قانۇنشۇناسلىقتا «قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش (ئىدارە قىلىش)»، دېگەن ئاتالما ئالاھىدە مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئادەتتە دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ نەزەرىيىسى، پرىنسىپى ۋە ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بىر تۈرلۈك نەزەرىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر دۆلەتنىڭ گۈللەپ رۇناق تېپىشى ۋە ئۇزۇن مۇددەت ئامان بولۇشىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل (بىراق بىردىن ـ بىر ئامىل ئەمەس) دۆلەتنىڭ بىر ياكى بىر قانچە رەھبەرلىرىنىڭ دانا ياكى دانا ئەمەسلىكىدە ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل قانۇن ۋە تۈزۈملەرنىڭ ياخشى ياكى ناچار بولۇشىدا دەپ قارايدۇ. بۇ نەزەرىيە ئەڭ دەسلەپ ئېلىمىزنىڭ يېغىلىق دەۋرىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە قانۇنشۇناسلىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ خىل نەزەرىيىنىڭ يېتىشسىزلىكى قانۇن ـ تۈزۈم بىلەن ئادەمنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى رولىنى دىئالېكتىكىلىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن كۆزەتمىگەنلىكىدە. كىشىلەر

ھەمىشە قانۇن - تۈزۈم گەرچە ياخشى بولسىمۇ بىراق ئۇ ئادەم ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ ۋە ئىجرا قىلىنىدۇ. شۇنداق ئىكەن، زادى قانۇن بىلەن تۈزۈم مۇھىممۇ، ئادەممۇ؟ دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئېنىقكى، بىز بازار ئىگىلىكى مۇشۇنداق قانۇن - تۈزۈم نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە يۈرۈشلىشىدىغان ئىگىلىك دېيەلمەيمىز. دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ پرىنسىپى ۋە ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدىغان بۇ نەزەرىيىنىڭ ئاساسىي تەلىپى بىر دۆلەتتە بىر قەدەر مۇكەممەللەشكەن قانۇن ۋە تۈزۈمنىڭ بولۇشى ھەمدە دۆلەتنىڭ ھەر قانداق ئورگانلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە پۇقرالار، جۈملىدىن دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبەرلىرىنىڭ قانۇنغا ھەقىقىي تۈردە بويسۇنۇشى، قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈشى ۋە ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق بولۇشىنى ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىشىدۇر. بۇنداق قانۇن - تۈزۈم ئەمەلىيەتتە دېموكراتىك سىياسىينىڭ بىر خىل ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ بېسىم سىياسىيسى بىلەن قارىمۇ - قارشى. روشەنكى، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىگىلىكنى بۇ خىل پرىنسىپ ۋە ئۇسۇل بىلەن باشقۇرۇشتا ئىپادىلەنمەيدۇ. چۈنكى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى شارائىتىدىمۇ مۇشۇنداق تەلەپ بولىدۇ. شۇڭا «بازار ئىگىلىكى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان ئىگىلىك، دېيىش مۇۋاپىق ئەمەس. بازار ئىگىلىكىنىڭ قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىغا بولغان ئالاھىدە تەلىپىنى ئۇ ئارقىلىق ئېچىپ بېرىشى قىيىنغا توختايدۇ، ھەتتا مۇنداق دېيىش ئاسانلا گۇماچىلىق پەيدا قىلىپ قويىدۇ.» («مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەتقىقات ئىشخانىسى ماتېرىيالى» نىڭ 1993 - يىل 3 - سانىغا بېسىلغان گاۋگوجېڭنىڭ ماقالىسىدا). بۇ، گاۋگوجېڭنىڭ «بازار ئىگىلىكى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان ئىگىلىك» دېگەن ئاتالمىغا بولغان قارشى. بىراق ئۇ «بازار ئىگىلىكى قانۇن - تۈزۈم ئىگىلىكى» دېگەن ئاتالمىغا قوشۇلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بۇ ماقالىسىنىڭ ماۋزۇسى «بازار ئىگىلىكى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرىلىدىغان ئىگىلىك ئەمەس، بەلكى قانۇن - تۈزۈم ئىگىلىكىدۇر» دەپ قويۇلغان.

مەن شەخسەن ئۈچىنچى خىل قاراشنى يەنى «بازار ئىگىلىكى قانۇن - تۈزۈم ئىگىلىكىلا ئەمەس، بەلكى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرىلىدىغان ئىگىلىك» دېگەن قاراشنى قوللايمەن. مېنىڭ بۇ جەھەتتىكى نەزەرىيىۋى ئاساسىم مۇنداق:

1. «قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش» ياكى «قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش» دۆلەت باشقۇرۇش نەزەرىيىسى، بىراق بۇ يەردىكى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش ئابستىراكىت نەرسە بولماستىن بەلكى مول ئەمەلىي مەزمۇنغا ئىگە. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى زامان دۆلەت باشقۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىي. ئۇنىڭ مەركىزىي مەزمۇنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش. ۋەھالەنكى بازار ئىگىلىكى ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ھالقىسى. ئېلىمىزدە پىلانلىق ئىگىلىك ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلدى، گەرچە خېلى زور ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلگەن بولسىمۇ، بىراق دۆلەت بېيىيالمىدى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى دېگەندەك يۇقىرى كۆتۈرۈلمىدى. شۇڭا پارتىيە ۋە دۆلەت بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئادەتتىكىچە ئەمەس، بەلكى ناھايىتى زور دەرىجىدە دۆلەتنى ئىدارە قىلغانلىق.

2. ماركس: قانۇنىي مۇناسىۋەتلەرنى خۇددى دۆلەت شەكلىگە ئوخشاش ھەم ئۇنىڭ ئۆزىدىن چۈشىنىۋالغىلى بولمايدۇ، ھەم ئۇنى ئىنسانىيەت روھىنىڭ ئادەتتىكى راۋاجىدىنلا چۈشىنىۋالغىلىمۇ بولمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇنىڭ مەنبەئى ماددىي تۇرمۇش مۇناسىۋەتلىرىدە بولىدۇ. بۇ خىل ماددىي تۇرمۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com



مۇناسىۋەتلىرىنىڭ جەمغۇرمىسىنى گىگىل 18 - ئەسىردىكى ئەنگلىيىلىكلەر ۋە فرانسىيىلىكلەرنىڭ تىمسالىغا ئاساسەن «شەھەرلىكلەر جەمئىيىتى» دەپ ئاتىغان، ۋەھالەنكى شەھەرلىكلەر جەمئىيىتىنى قانداق ئوپېراتسىيە قىلىش مەسىلىسىنى سىياسىي ئىقتىساتتىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ، دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قانۇن - تۈزۈمنىڭ ماھىيىتى ھۆكۈمران سىنىپ ئىرادىسىنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق ماھىيىتى ئىجتىمائىي ئىقتىسات تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا بەزى ماقالىلاردا دېيىلگەندەك «قانۇن - تۈزۈمنىڭ بازار ئىگىلىكىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن ئىچكى باغلىنىشى يوق» ئەمەس، ئەكسىچە قانۇن - تۈزۈم روشەن ئىقتىسادىي مەنبەگە ئىگە. يەنە كېلىپ ھازىرقى زامان كارخانا تۈزۈمىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش، بازار سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ماكرو تىزگىنلەش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، كۆتىرىلگە بېرىش تۈزۈمى ۋە پايدا ھەمسىدارلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇش قاتارلىق ئالاقىدار ئىقتىسادىي مەسىلىلەر قانۇن - تۈزۈم ۋاستىسى ۋە ئۇسۇلى ئارقىلىق ياخشى يورۇشەلەيدۇ ھەمدە كاپالەتكە ئىگە بولالايدۇ. شۇڭا ئىقتىسات بىلەن قانۇن - تۈزۈم زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئۇلار ئۆزئارا ئورگانىك مۇقەررەرلىك ۋە بىردەكلىككە ئىگە.

3. پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى شارائىتىدا ئېلىمىزدىكى ئىقتىسادىي ساھەلەر ھەممىشە سانائەت سىستېمىسى، يېزا ئىگىلىك سىستېمىسى، سودا سىستېمىسى، مەدەنىيەت - مائارىپ سىستېمىسى، سەھىيە سىستېمىسى دېگەندەك بىر قانچە سىستېمىلارغا ئايرىپ مۇئامىلە قىلىنىدى، بۇ سىستېمىلاردىكى باشقۇرغۇچى تارماقلار سىستېمىلار تەركىبىدىكى ئورۇنلارنى مەمۇرىي ھوقۇق بىلەن كونترول قىلىپ تۇردى. باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ بەلگىلىمىسى شۇ سىستېما تەركىبىدىكى بارلىق كارخانا ئورۇنلارنىڭ ھەرىكەت قائىدىسى بولۇپ قالدى. بۇ بەلگىلىمىلەردە مەمۇرىي تۈس، بېكىنمىچىلىك ۋە يەككىلىك خاراكتېر كۈچلۈك بولغانلىقتىن ھەر قايسى كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قاتماللاشتۇرىۋەتتى. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا بولسا، كارخانىلارنىڭ ئورنىدا كۈچلۈك ئۆزگىرىش بولدى، ئۇ ئەندى ھۆكۈمەت مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ بېقىندىسى ئەمەس، بەلكى بازار ئىگىلىكى دېڭىزىدا ئەركىن ئۈزىدىغان مۇستەقىل گەۋدە بولۇپ قالدى، كارخانا قېيىنچىلىقتا يولۇققاندا بازارغا مۇراجىئەت قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. شۇنى بىلىش كېرەككى، ھەقىقىي بازار ئىگىلىكى ئەركىن ئىگىلىك ئەمەس، بەلكى يۈكسەك تەرتىپ ئاساسىدىكى ئىگىلىك. ۋەھالەنكى، بۇ خىل تەرتىپ ئاساسلىقى دۆلەتنىڭ بىر يۈرۈش قانۇن - نىزاملىرىغا تايىنىدۇ.

4. قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئىچكى ئوبيېكتىپ تەلىپى. چۈنكى، بىرىنچىدىن بازار ئىگىلىكى سۇبيېكتى كۆپ خىللاشقان ئىگىلىك. بۇ ئىقتىسادىي سۇبيېكتلار ئوتتۇرىسىدا مۇرەككەپ بولغان مۈلۈك ھوقۇقى مۇناسىۋىتى، ئىگىلىك مۇناسىۋىتى ۋە ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. پەقەت قانۇن ئارقىلىقلا بۇ مۇرەككەپ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى قېلىپلاشتۇرغىلى، ھەر قايسىسىنىڭ مەسئۇلىيىتى، ھوقۇقى ۋە مەنپەئەتىنى ئايدىڭلاشتۇرغىلى، بازار ئىگىلىكىنىڭ نورمال يۈرۈشلىشىنى كاپالەتلەندۈرگىلى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، بازار ئىگىلىكى ئادىل رىقابەت ئاساسىدىكى ئىگىلىك. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئادىل رىقابەت تەرتىپىگە مۇھتاج. بۇ خىل تەرتىپنى پەقەت قانۇن ئارقىلىقلا ئۈنۈملۈك ھالدا

ئورنابقىلى ۋە داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، بازار ئىگىلىكى دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تىزگىنلەش ئاساسىدىكى ئىگىلىك. ئەلۋەتتە ماكرولۇق تىزگىنلەشنىڭ ۋاستىسى كۆپ خىل. ئەمما بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا مەيلى قايسى خىل تىزگىنلەش ۋاستىسىنىڭ قوللىنىلىشىدىن قەتئىي نەزەر مۇناسىپ بولغان قانۇننىڭ كاپالىتى ئارقىلىقلا ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرالايدۇ. تۆتىنچىدىن، بازار ئىگىلىكى ئومۇمييۈزلۈك ئېچىۋېتىلگەن ئىگىلىك. بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى رايون، ھەتتا دۆلەت چېگرىسىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن مۇقەررەر ھالدا بۇزۇپ تاشلاپ، بىرلىككە كەلگەن ئىچكى ۋە خەلقئارا بازارنى شەكىللەندۈرىدۇ ھەمدە خەلقئارالىق ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى گۈرنىتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ پۇرسەتنى قولغا كەلتۈرۈپ، خەلقئارا رىقابەتكە قاتنىشىش ئۈچۈنمۇ شۇ ئەلنىڭ بازار ئىگىلىكىنى قانۇن - تۈزۈم ئىزىغا سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بەشىنچىدىن، بازار ئىگىلىكى توختامنى مۇھىم بىر ۋاستە قىلغان ئىگىلىك. بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى مۇقەررەر ھالدا تۈرلۈك توختام ۋە كىرىدىت مۇناسىۋەتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە راۋاجلاندۇرىدۇ، نەق مال بازىرىنى قەرەللىك مال بازىرىغا، تاۋار ئىگىلىكىنى كىرىدىت ئىگىلىكىگە ئايلاندۇرىدۇ. ۋەھالەنكى بۇ خىل توختام ۋە كىرىدىت مۇناسىۋەتلىرى قانۇن تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغاندىن كېيىنلا ئاندىن قانۇننىڭ قوغدىشىغا ئېرىشەلەيدۇ ھەمدە ئۈنۈملۈك ھالدا ئىشقا ئاشالايدۇ.

5. قانۇن - تۈزۈمنى كۈچەيتىش سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. چۈنكى قانۇن - تۈزۈم يېتەكلەش، قېلىپلاشتۇرۇش، كاپالەتلەندۈرۈش ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە.

بەلكىم بەزىلەر قانۇن - تۈزۈم ئەزەلدىنلا بار نەرسە، ئىلگىرىكى پىلانلىق ئىگىلىكمۇ ئۇنى كېرەك قىلغانغۇ، دېيىشى مۇمكىن، بىراق شۇنى بىلىش زۆرۈركى، بازار ئىگىلىكى ئېلىمىز تارىخىدا بولۇپ باقمىغان ئىقتىسادىي ئىسلاھات، ئۇنىڭدا يۈز بېرىدىغان ۋە ئۇ توقۇنۇشىدىغان مەسىلىلەر ئىنتايىن كۆپ. شۇڭا ئۇ قانۇن - تۈزۈمگە بەكرەك ئېھتىياج. «بازار ئىگىلىكى قانۇن - تۈزۈم ئىگىلىكى» دېگەن ئاتالما بولسۇن ياكى «بازار ئىگىلىكى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان ئىگىلىك» دېگەن ئاتالما بولسۇن، ھەر ئىككىسى بازار ئىگىلىكىنىڭ قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىگە نىسبەتەن ئېيتىلغان. شۇڭا بىز بۇ ئاتالمىلارنىڭ مەنىسىنى توغرا چۈشىنىشىمىز كېرەك. بىز بۇ ئاتالمىلاردىن يەنە بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى گۈرنىتىلىپ ئىقتىسات تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەھۋالدا قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلىكىدىن ئىبارەت بۇ خىل ئىقتىسادىي بازىسنىڭ ئۈستقۇرۇلمىغا بولغان دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى ھەمدە ئۇنىڭ ماركسىزملىق دۆلەت تەلىماتى نەزەرىيىسىگە تامامەن ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشىنىۋالالايمىز.

ئىلگىرىكى يىللاردا «بازار ئىگىلىكى قانۇن - تۈزۈم ئىگىلىكى» (بازار ئىگىلىكى قانۇن - تۈزۈم ئارقىلىق باشقۇرىلىدىغان ئىگىلىك) دېگەن ئاتالما كۆپرەك قوللىنىلغانىدى. يېقىنقى بىر ئىككى يىلدىن بېرى «بازار ئىگىلىكى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرىلىدىغان ئىگىلىك» دېگەن ئاتالما كۆپرەك قوللىنىلىدىغان بولدى. مەسىلەن، 95 - يىلى 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئېچىلغان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى نەزەرىيە مۇھاكىمە ۋە تەشۇىقات سۆھبەت يىغىنىدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋېييۈەنجاڭى تيەن جيۇن سۆز قىلىپ «بازار ئىگىلىكى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرىلىدىغان ئىگىلىك»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دەپ كۆرسەتتى. ئۇ، پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن يازغان ۋە ئېلان قىلغان «قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ئىقتىساتنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدا ئىلگىرى كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم يەنە يۇقىرىقى ئاتالمىنى ئىشلەتتى («قانۇنچىلىق گېزىتى» نىڭ 1995 - يىلى 10 - ئاينىڭ 30 - كۈندىكى سانىدا)؛ ئاتاقلىق قانۇنشۇناس، جۇڭگو سىياسىي قانۇن داشۆسىنىڭ فرافېسورى يولداش جياڭ پىڭ «بازار ئىگىلىكىگە ئائىت قانۇن - تۈزۈملەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى توغرىسىدا» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدا («خەلق گېزىتى» نىڭ 1995 - يىل 8 - ئاينىڭ 17 - كۈندىكى سانىدا) ئوخشاشلا «بازار ئىگىلىكى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرىلىدىغان ئىگىلىك» دېگەن ئاتالمىنى قوللاندى.

مېنىڭچە، «بازار ئىگىلىكى قانۇن - تۈزۈم ئىگىلىكى» دېگەن ئاتالما بىلەن «بازار ئىگىلىكى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرىلىدىغان ئىگىلىك» دېگەن بۇ ئىككى ئاتالما ھەرگىزمۇ بىر - بىرىگە زىت ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن مەزمۇننىڭ ئالدىنقى ۋە كېيىنكى بۆلەكلىرىدىن ئىبارەت. چۈنكى:

بىرىنچىدىن، «قانۇن - تۈزۈم» ئاتالمىسى ئېلىمىزنىڭ قانۇنلىرى تېخى مۇكەممەللىشىپ كەتمىگەن نۆۋەتتىكى ئەھۋالغا ماس كېلىدۇ. «قانۇن - تۈزۈم» دېگەن سۆز «قانۇن» بىلەن «تۈزۈم» نىڭ قىسقارتىپ ۋە بىرلەشتۈرۈپ ئېيتىلىشى بولۇپ، ئۇ، مۇئەييەن سىنىپ دېموكراتىك سىياسىيسىنىڭ تۈزۈملىشىشى ۋە قانۇنلىشىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردىكى «قانۇن - تۈزۈم» بىلەن بىر دۆلەتنىڭ سىياسىي تۈزۈمى ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى قاتارلىقلار بىر تۈردىكى ئۇقۇملار بولۇپ، ھەممىسى تۈزۈم كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. «قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش (ئىدارە قىلىش)» دېگەن سۆز بولسا دۆلەتنى ئىدارە قىلىش نەزەرىيىسى بولۇپ، ئۇ، مۇكەممەل قانۇننىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەر قانداق بىر ئەلنىڭ ھەر قانداق بىر تارىخىي باسقۇچىدا قانۇن ۋە تۈزۈملىرى يەنى «قانۇن - تۈزۈم» ى بولىدۇ. ئەمما بۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دۆلەتنى «قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش» نى يولغا قويغانلىقى ھېسابلانمايدۇ. بازار ئىگىلىكى ئېلىمىزدە ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بولۇپ، ئەھۋال بىر قەدەر مۇرەككەپ، تېخى يېتەرلىك تەجرىبە يوق، قانۇنلىرىمىزمۇ مۇكەممەل ئەمەس. گەرچە بازار ئىگىلىكىگە دائىر دۆلەت قانۇنلىرى ۋە يەرلىك نىزاملارنى تۈزۈش قەدىمىمىز زور دەرىجىدە تېزلەشكەن بولسىمۇ بىراق ئۇ يەنىلا بازار ئىگىلىكىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ. مۇنداق شارائىتتا تۈزۈملەردىن داۋاملىق پايدىلىنىش ۋە ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش زۆرۈر.

ئىككىنچىدىن، «قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش»، «قانۇن - تۈزۈم» ئارقىلىق باشقۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يۈنىلىشى، ئېلىمىزنىڭ بازار ئىگىلىكى ئەلڭ ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا «قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش» يولىغا كىرىشى كېرەك. «قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش» دۆلەتنى قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنىڭ بىر تۈرلۈك پرىنسىپى ۋە ئۇسۇلى، بىز بۇ يەردە دەۋاتقان «قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش»، «ئادەم ئارقىلىق باشقۇرۇش» قا نىسبەتەن ئېيتىلغان سۆز بولۇپ، «ئادەم ئارقىلىق باشقۇرۇش» يولغا قويۇلغان دۆلەتتە قانۇن - تۈزۈم تېگىشلىك نوپۇزغا ئىگە بولالمايدۇ. «قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش» يولغا قويۇلغان جەمئىيەتتە قانۇن ھەممىدىن، رەھبەرلەردىنمۇ يۇقىرى تۇرىدۇ ۋە شۇنداق نوپۇزلۇق بولىدۇ. «قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش» ھەر قانداق ھۆكۈمەت، سىياسىي پارتىيە، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە پۇقرالارنىڭ قانۇنغا چوقۇم بويسۇنۇشىنىلا ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى رەھبىرىي

خادىملارنىڭ باشلامچىلىق بىلەن قانۇنغا رىئايە قىلىشى ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشى لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. بازار ئىگىلىكى پەقەت «قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش» يولىغا چۈشكەندىلا ئاندىن ساغلام تەرەققىي قىلالايدۇ.

ئۇچىنچىدىن، «قانۇن - تۈزۈم» ئارقىلىق باشقۇرۇش بىلەن «قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش» ئۆزئارا بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ، «قانۇن - تۈزۈم» ئارقىلىق باشقۇرۇش «قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش»نىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ۋاستىسى. «قانۇن - تۈزۈم»نىڭ مۇكەممەللىشىشى توغرا بولغان دۆلەت باشقۇرۇش نەزەرىيىسى، پرىنسىپى ۋە ئۇسۇلىغا، يەنى «قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش»قا مۇھتاج. ئەگەر «قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش» ئىدىيىسى ۋە نۇقتىئىنەزەرى بولمايدىكەن، قانۇننىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىدا يولۇقىدىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى رولىغا ھەمدە قانۇنغا رىئايە قىلىش ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلمەيدىكەن. ئۇ ھالدا «قانۇن - تۈزۈم»نى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش تەسكە چۈشىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، «قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش»تىن ئىبارەت بۇ دۆلەت باشقۇرۇش نەزەرىيىسى، پرىنسىپى ۋە ئۇسۇلىنىڭ يولغا قويۇلۇشى «قانۇن - تۈزۈم»نىڭ مۇكەممەللىشىشى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. «قانۇن - تۈزۈم» دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ قورالى ۋە ۋاستىسى قىلىنمايدىكەن، «قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش» دېگىنىمىزمۇ قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ.

«بازار ئىگىلىكى قانۇن - تۈزۈم ئىگىلىكى» دېگەن قاراش گەرچە ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ۋاقىتلىق ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كەلسىمۇ، بىراق ئۇ بىز يېتىدىغان نىشان ھېسابلانمايدۇ. بىزنىڭ ئاخىرقى مەقسىتىمىز بازار ئىگىلىكىنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشقا ئۆتۈش، قانۇننىڭ يېتەكلىشى، قېلىپلاشتۇرۇشى، كاپالىتى ۋە تىزگىنلىشى ئارقىلىق سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، «بازار ئىگىلىكى قانۇن - تۈزۈم ئىگىلىكى» لا ئەمەس، بەلكى «قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان ئىگىلىك» تۇر.

---

كىشىدە ئەدەپ بىلەن بىللە ئىلىم بولۇشى كېرەك. ئەدەپ ئەقىلگە باغلىق نەرسە. ئەقىل ئۈستىگە ئەدەپ قوشۇلسا، نۇر ئۈستىگە يارقىن نۇر قوشۇلىدۇ. ئۇلۇغلۇق ئەقلى ئەدەپ بىلەن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئەقىلنىڭ قەدرى ئەدەپ بىلەن، بايلىقنىڭ قەدرى ساخاۋەت بىلەن، قۇۋۋەت قەدرى باھادىرلىق بىلەن ئاشىدۇ.

— «قاۋاقۇغ ئالجۇلاسا» دىن

---

ۋاقىت بىزنىڭ ئەڭ ئەرزان شۇنداقلا ئەڭ قىممەت باھالىق مۈلكىمىز. چۈنكى بىز ۋاقىت ئارقىلىق ھەممە نەرسىگە ئىگە بولىمىز.

يا. رايىنس

قولىمىزدىن كېلىدىغان ھەممە ماھارەتلەر چىدام بىلەن ۋاقىتنىڭ ئارىلاشمىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئۇ. بالزاك

www.uyghurkitap.com



# تۇرپان ئويمانلىقىدىن تېپىلغان ئۆزگىچە يادىكارلىقلار

ئابلىم قەييۇم

1980 ـ يىلىدىن بېرى تۇرپان ئويمانلىقىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىش خىزمىتىدە يېڭى بايقىلىشلار ئۈزلۈكسىز كۆرۈلۈپ، ئارخېئولوگىيە، مەدەنىيەت يادىكارلىقى خىزمىتىگە يېڭى مەزمۇنلارنى قوشتى، 1988 ـ يىلى 3ـ4ـ ئايلاردىكى تۇرپان ئويمانلىقىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقى قەدىمكى ئىزلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش داۋامىدا نۇرغۇنلىغان يېڭى مەدەنىيەت يادىكارلىقى نۇقتىلىرى تېپىلىپ مەدەنىيەت يادىكارلىقى خىزمىتىگە يەنىمۇ يېڭى مەزمۇنلارنى قوشتى. بۇ يېڭى بايقىلىشلار ئارخېئولوگىيە سېپىدىكى تەتقىقاتچى خادىملارنى تەتقىقاتنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشكە ئىرىشتۇرۇپ، يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۈندىمەكتە.

تۆۋەندە مەن بۇ قەدىمكى ئويمانلىق تەۋەلىكىدىكى يارغول قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى تازىلاش داۋامىدا، ياڭخې قەدىمكى قەۋرىلىرىنى تەكشۈرۈش داۋامىدا بايقالغان بىر نەچچە خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرماقچىمەن.

## 1. ياڭخې قەۋرىستانلىقىدىن تېپىلغان بۇغا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن «زىننەت بۇيۇمى»

بۇ زىننەت بۇيۇمى، يەنە 1995 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ياڭخې قەدىمكى قەۋرىستانلىقىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش داۋامىدا تېپىلغان. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش داۋامىدا تېپىلغان بۇ زىننەت بۇيۇمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6cm كېلىدۇ. ئۈستى كەڭلىكى 5cm، ئاستى تەرىپىنىڭ كەڭلىكى 4. 5cm كېلىدۇ، قېلىنلىقى 2mm كېلىدۇ، بۇ زىننەت بۇيۇمىنىڭ ئۈستى تەرەپ قىسمىدا چوخچىيىپ چىققان بىر ئىلىنچەك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 12mm كېلىدۇ، بۇ زىننەت بۇيۇمىنىڭ ئوتتۇرا يەنى ئىچكى قىسمىغا زىلۋا ھەم ناھايىتى چىرايلىق قىلىپ بىر بۇغا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. بۇغىنىڭ شاخلاپ كەتكەن مۈڭگۈزى كەينىگە قارىتىپ نەقىشلەنگەن بولۇپ، بۇغىنىڭ بېشى ئۈستىگە كۆتۈرۈلگەن. خۇددى يىراقتىكى بىر تېنىچسىزلىقنى بايقاۋاتقان قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن.

نەقىشلەنگەن بۇغا سۈرىتى مۈڭگۈزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5cm كېلىدۇ. بۇغىنىڭ گەۋدىسى باش قىسمىدىن قۇيرۇقى قىسمىغىچە 5cm كېلىدۇ. مۈڭگۈز قىسمىدىن پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە 5. 5cm كېلىدۇ. بۇغىنىڭ ئالدى تەرىپىدە شاخ ئايرىغان ھەم قۇرۇپ كەتكەن بىر تۈپ دەرەخ بولۇپ، بۇغىنىڭ كۆكرىكى بىلەن ئالدى پۇتى دەرەخ شېخىغا تاقىلىپ تۇرغان قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن. بۇغىنىڭ قولىقى دۈمبىسىگە تۇتاشتۇرۇۋېتىلگەن، بۇغىنىڭ دۈمبە قىسمىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا ئويبۇيى 3mm كېلىدىغان تۆشۈكچە ئېچىلغان. دېمەك بۇغىنىڭ سۈرىتى ناھايىتى گۈزەل، كۆركەم، يېقىملىق قىلىپ نەقىشلەنگەن. بۇغىنىڭ سۈرىتى نەقىشلەنگەن بۇ بىر پارچە جىسىم زادى نېمە؟ دانلىنىش ئەھۋالىدىن كۆزەتكەندە بۇ بىر پارچە تۆت چاسا جىسىم ■ نى تۆمۈر دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. بۇ بىر پارچە تۆمۈرگە نەقىشلەنگەن بۇغا سۈرىتىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا بىر خىل پارقىراق ھەل يالىتىلغان بولۇپ، قىسمەن جايلىرىدا ھازىرمۇ پارقىراق ھالەتنى ساقلاپ قالغان.

ياڭخې قەدىمكى قەۋرىستانلىقىنىڭ دەۋرى مەسىلىسىدە تېخى بىرلىككە كەلگەن قاراش يوق. بىراق 1980 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ چېگرىسى ئىچىدە، ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش

ئورنى بىر نۆۋەت قەدىمكى ئىز - خارابىلەرنى تەكشۈرگەن ئىدى، شۇ چاغدا سۇ بېشى قەدىمكى قەۋرىستانلىقىدا 7 دانە قەۋرىنى سىناق قىلىپ قازغان ھەم قەۋرىدىن چىققان ياغاچتىن ياسالغان ھەم دەپنە بۇيۇملىرىنى ئەۋرىشكە ئېلىپ، كاربون 14 ئانالىزى بويىچە تەكشۈرگەن ئىدى. نەتىجىدە سۇ بېشى قەدىمكى قەۋرىستانلىقىنىڭ دەۋرى 3300 يىلدىن ئارتۇقراق بولۇپ ئىسپاتلانغان ئىدى. ①

ياڭخى قەدىمكى قەۋرىلەردىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇيۇملىرى ئىچىدىكى ساپال قاچىلارنىڭ شەكلى، ئالاھىدىلىكى، تۈرى، يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ توقۇلۇشى، يۇڭدىن ئىشلەنگەن باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرى، يۇڭ ئارقان قاتارلىق بۇيۇملار، ھەر خىل ئوت - چۆپلەردىن توقۇلغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى قاتارلىقلار ھەم ياڭخى قەۋرىستانلىقىدىكى دەپنە ئادەتلىرى سۇ بېشى قەدىمكى قەۋرىستانلىقىدىكى ئەھۋاللارغا ئوپمۇ - ئوخشاش. سۇ بېشى قەۋرىستانلىقىدا ياغاچتىن چاتما كارۋات ياساپ جەسەتنى كارۋاتقا ياتقۇزۇپ دەپنە قىلىش ئادىتىنى مەركەز قىلغان بولسا، ياڭخى قەدىمكى قەۋرىستانلىقىدىمۇ ئوخشاشلا ياغاچتىن چاتما كارۋات ياساپ دەپنە قىلىش ئادىتىنى مەركەز قىلغان. دېمەك بۇ ئىككى يەردىكى قەۋرىستانلىقنىڭ دەپنە ئادىتى بىلەن مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ئوخشاش بولۇپلا قالماستىن، دەۋرىمۇ ئوخشاش.

دېمەك ئەجدادلىرىمىز 3000 يىللار ئىلگىرىلا تۇرپان ئويمانلىقىدا ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلاندۇرغان. 3000 يىللار ئىلگىرىلا بۇ قەدىمكى ماكاندا تۆمۈردىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى بىلەن تۆمۈردىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەتكەن، بىر پارچە تۆمۈر جىسىمغا شۇنچە نەپىس، شۇنچە زىلۋا، شۇنچە گۈزەل ھەم چىرايلىق بۇغىنىڭ سۈرىتىنى چۈشۈرۈش ھەم ئۇنى پۈتۈن بىر پارچە 2mm قېلىنلىقتىكى تۆمۈر جىسىمغا ئويۇپ چىقىرىش ئاددىي ئىش ئەمەس، (بۇ زىننەت بۇيۇمىنى تەپسىلىي كۆزىتىش نەتىجىسىدە بۇ بۇغا سۈرىتى بىر پارچە 2mm لىق تۆمۈر ياپراقچىغا ئويۇپ نەقىشلەنگەنلىكى مەلۇم بولدى.)

ئىنسانلارنىڭ غايىۋى، مەنىۋى ئىستىكى، ئۇلارنىڭ گۈزەللىككە بولغان ئۈزلۈكسىز ئىزلىنىشى ۋە ئىنتىلىشى ئىنسانلارنى مەدەنىيەت جەھەتتە شۇنداق يۈكسەكلىكنى يارىتىشقا ئىلھاملاندۇرغان. ئىنسانلارنىڭ غايىۋى گۈزەل ئارزۇ ئىستەكلىرى ھامان ناھايىتى گۈزەل بولىدۇ. نەتىجە ھامان ئارزۇ - ئىستەكتىنمۇ گۈزەل بولىدۇ.

«يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ئالىملار جۇڭگونىڭ ئالتاي تېررىتورىيىسى ئىچىدە ھەم خوشنا رايونلاردىن ئوتتۇرا ئاسىيادا بايقىلىپ باقمىغان، ئاز كۆرۈلىدىغان ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىدە غارلارغا سىزىلغان، رەڭلىك قىياتاش سۈرەتلىرىنى، تۆمۈر قوراللار دەۋرىدىكى مۇڭغۇل بۇغا سۈرەتلىك تاشلىرىنى ھەم غەربىنىڭ بۇغا سۈرەتلىك تاشلىرىدىن كۆپ ئارتۇق بولغان، شەكىل جەھەتتىن ھەممىسىلا يىراق قەدىمكى زامان، ئوتتۇرا قەدىمكى زامان، يېقىن قەدىمكى زامان دەۋرلىرىدىكى ئادەم شەكىللىك تاش ئويما سۈرەتلەرنى بايقىدى. بۇ جەھەتتىكى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى، ياپونىيە، ياۋروپا، ئامېرىكا رايونلىرىدىكى بىر قىسىم داڭلىق ئالىملارنىڭ ئىنتايىن زور دىققىتىنى قوزغىدى». ②

يۇقىرىقى بىر ئابزاس باياندىن شۇنداق بىر نۇقتىنى چۈشىنىش مۇمكىنكى، تۇرپان ئويمانلىقىدىن تېپىلغان بۇغا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تۆمۈردىن ئىشلەنگەن زىننەت بۇيۇمىدىن باشقا يەنە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئالتاي رايونىدىن تاشقا ئويۇلغان بۇغا سۈرەتلىرىمۇ تېپىلغان. بۇلارنىڭ دەۋرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتكە بېرىپ تاقىلىدۇ. بۇغا سۈرىتى بىلەن نەرسە كېرەكلەرنى زىننەتلەش يالغۇز تۇرپاندىلا ئەمەس پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئوخشاشلا بارلىقى مەلۇم، بۇ خىل ئەھۋال شۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇكى، شىنجاڭدا قەدىمدىن تارتىپ ياشاپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىز ئورتاق مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە

www.uyghurkitap.com



ۋە ئۇسلۇبىغا ئىگە بولغان بىر خىل مەدەنىيەت مەنبەسىنى كۆپ خىل ئۇسۇلدا ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى مەركەز قىلغان ئورتاقلىققا ئىگە.

تۆۋەندە بۇغا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن زىننەت بۇيۇمىدىكى 3mm لىق يۇمىلاق تۆشۈككە كەلسەك، بۇ زىننەت بۇيۇمى ئېھتىمال ئەينى زاماندا ئات ئىگىرىنىڭ ياكى باشقا كۆندىلىك تۇرمۇش بۇيۇمىنىڭ مۇھىم قىسىملىرىنى زىننەتلەشكە ئىشلەتكەن بۇيۇم بولۇپ، ئۈستىدىكى يۇمىلاق تۆشۈك مىخلاپ تۇرغۇزۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئېچىلغان تۆشۈك بولۇشى ناھايىتى تەبىئىي. بۇغا سۈرىتىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى ئىلىنچەككە كەلسەك، ئاتنىڭ دۈمبىسىگە ئىگەر توقۇغاندا چىگىتىش ئۈچۈن ۋە ياكى باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى زىننەتلەشتە مۇقىملىقىنى ئاشۇرۇشتا ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئاتقا ئىگەر توقۇغاندا تاسما بىلەن چىگىتمىسە ئىگەر ئۈستىدە ئولتۇرۇشتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

## 2. ياخشي قەدىمكى قەۋرىستانلىقىدىن تېپىلغان تۆمۈر پىچاق

بۇ يىل ئەتىيازدا، ياخشي قەدىمكى قەۋرىستانلىقىنى تەكشۈرگەندە قەۋرىلەردىن قېزىپ چىقىرىۋېتىلگەن توپا ئارىسىدىن داتلىشىپ كەتكەن، بىراق ئەسلىدىكى قىياپىتىنى يوقاتمىغان، تۆمۈردىن سوقۇلغان بىر دانە پىچاق تېپىلدى. بۇ پىچاق تۆمۈردىن ياسالغان بولۇپ، بىسى قىسمى يەنىلا ناھايىتى ئۆتكۈر بولۇپ، قېلىن دات بېسىپ كەتكەن.

بۇ پىچاقنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 23cm كېلىدۇ. پىچاقنىڭ بىس چىقىرىلغان قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6cm كېلىدۇ. ساپىقى قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 17cm كېلىدۇ. دەستىسى قىسمىنىڭ كەڭلىكى ئوتتۇرىسى قىسمى 11mm كېلىدۇ. دەستىسىنىڭ كەينى قىسمى 14mm كېلىدۇ. بىسى قىسمىنىڭ كەڭلىكى 14mm كېلىدۇ. قېلىنلىقى كەينى تەرىپى 5mm كېلىدۇ. ئالدى تەرىپى 3mm كېلىدۇ. بىسىنىڭ كەينى تەرىپى 3mm دىن 1mm غىچە بولۇپ، تەدرىجى يۇغارتىلغان. بۇ پىچاقنىڭ ئەينى زامانلاردا ناھايىتى مۇھىم رولى بولغان ھەم ئىنسانلار تۇرمۇشىدا مۇھىم تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن بولۇپ قالغان.

چۈنكى ئىنسانلار ئۆز تۇرمۇشىدا ھەر خىل مەدەنىيەت شەكىللىرىنى ئالاھىدە تەرەققىي تاپقۇزغان بولۇپ، بۇنىڭدىن 3000 يىللار ئىلگىرىلا تۇرپان ئويمانلىقىدا تۆمۈر قوراللارنى ئىشلىتىش ئومۇملىششقا باشلىغان، ياخشي قەدىمكى قەۋرىستانلىقىدىن تېپىلغان بۇ پىچاق دەل بۇنىڭغا پاكىت بولالايدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن تۇرپان ئويمانلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش داۋامىدا، ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە باغلىق بولغان ھەر خىل ھەر تىپتىكى تۆمۈر قوراللار بايقالغان. مەسىلەن، ئېغىز دۇرۇغ، ئاتنىڭ يۈگىنىگە ئىشلەتكەن بۇيۇم، يا ئوقىنىڭ ئۇچىغا ئىشلىتىلگەن تۆمۈر ئوق ئۇچى، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ۋە تىبابەتچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان تۆمۈر پىچاق، باش چۈشۈرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان ئۈستۈرا ۋە باشقا ھەر خىل زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلار بار بولۇپ، ③ بۇ قېتىم ياخشي قەدىمكى قەۋرىستانلىقىدىن تېپىلغان ئالاھىدە نەپىس ياسالغان بۇ پىچاق ھەم ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇندىن 3000 يىللار ئىلگىرىلا ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ تۆمۈر قوراللارنى ئىشلىتىش باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنى ھەم گۈزەل، كۆركەم، سىپتا، چىرايلىق، پۇختا، نەپىس تۆمۈر قوراللارنى ئىشلەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

تارىخىي خاتىرىلەردە خاتىرىلەنگەن ئەھۋاللارمۇ بىزگە بۇ قەدىمكى دىياردا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن 3000 ـ 4000 يىللار ئىلگىرىكى زامانلاردىلا تۆمۈر قوراللارنى ياساپ ئىشلەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ تارىخى مەنبەلىرىدە بۇنىڭغا ئائىت تارىخىي خاتىرىلەر بار.

1992 ـ يىلى 3 ـ 4 ـ ئايلاردا ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى ۋە تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى بىرلىكتە سۇ بېشى ئىككىنچى نومۇرلۇق

قەۋرىستانلىق رايونىدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بارغان ئىدى. بۇ قەدىمكى قەۋرە رايونىدىن جەمئىي 30 دىن ئارتۇق قەۋرە قېزىلغان بولۇپ، بۇ قەۋرىلەردىن ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئالاھىدىلىككە ۋە خاسلىققا ئىگە ئاجايىپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلدى. بۇ يادىكارلىقلار ئىچىدە يەنىلا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدىغىنى نەپىس ھەم چىرايلىق ياسالغان تۆمۈر پىچاق بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقات ئورنىدىن بۇ قېتىم قېزىشقا قاتناشقان مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىلەرنىڭ تەھلىل قىلىشىچە، بۇ قېتىم تېپىلغان بۇ پىچاق ئېھتىمال ئەينى زامانىدىكى تىبابەتچىلىكتە ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن، بۇ يەردىن تېپىلغان پىچاقنىڭ ياسىلىشى نەپىس، بىسلىرى ناھايىتى ئىتتىك، ساپاق، تۇتقۇلىرى ئۆزگىچە، تىبابەتچىلىك ئىلمىنىڭ ئوپېراتسىيە كەسپىدە ئىشلىتىلگەن بولۇشى ئېھتىمالغا بەكمۇ يېقىن.

دېمەك بۇ قەۋرە رايونىدىن مۇكەممەل ساقلانغان ئەر - ئايال جەسەتمۇ تېپىلغان ئىدى. ئەر جەسەتنىڭ سول تەرەپ، ئاشقازانغا توغرا كېلىدىغان يەردە ياي شەكىللىك بىر كېسمەك ئىزى بار. بۇ كېسمىكنى ئەينى زاماندا ئوپېراتسىيە قىلىنغان ئورۇن دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى بۇ كېسمىكنى ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشايدىغان بىر خىل يىپنى بىر نەچچە قات قىلىپ ھىمىرىپ ئېشىپ تىككەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. تىككەن يىپنىمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ، دېمەك ھازىرغىچە ساق تۇرغان. جەسەت بىلەن بىرگە تېپىلغان بۇ تۆمۈر پىچاق ئېھتىمال بۇ جەسەتنىڭ كېسىلىنى داۋالاشتا ئوپېراتسىيىدە ئىشلىتىلگەنلىكى ناھايىتى ئېنىق.

دېمەك، ياڭخې قەدىمكى قەۋرىستانلىقىدىن تېپىلغان بۇ پىچاق، سۇ بېشى 2 - نومۇرلۇق قەۋرىستانلىقىدىن تېپىلغان پىچاققا ئوخشاش، شەكلى سۇ بېشى قەدىمكى قەۋرىستانلىقىدىن تېپىلغان پىچاقتىن سەل لاچوگراق. ④

سۇ بېشى قەدىمكى قەۋرىستانلىقى ۋە ياڭخې قەدىمكى قەۋرىستانلىقىدىن تېپىلغان تۆمۈردىن ئىشلەنگەن پىچاقلار بىزگە شۇنداق بىر نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇكى، ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش داۋامىدا مەدەنىيەت تۇرمۇشىنىمۇ ناھايىتى يۇكسەك دەرىجىدە راۋاجلاندۇرغان، مەدەنىيەت مەنبەسىمۇ ئۆزگىچە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە ۋە بىر خىل مەنبەنى ئاساس قىلغان.

**3. يارغول قەدىمكى شەھىرىنى رېمونت قىلىش تازىلاش داۋامىدا تېپىلغان ئۇستىخاندىن ياسالغان بۇيۇملار.**

يارغول قەدىمكى شەھىرى 1992 - يىلىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىشى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن رېمونت قىلىندى ۋە قىسمەن ئىزلار تازىلاندى. تازىلاش داۋامىدا بىزگە مەلۇم بولمىغان نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بايقالدى.

بايقالغان يادىكارلىقلار ئىچىدە ئەڭ ئالاھىدە بولغىنى قەدىمكى شەھەر خارابىلىقىدىكى ئەمەلدارلار مەھكىمىسىنىڭ يېنىدىكى بىر قۇدۇقنىڭ ئىچىدىكى تىنىپ كەتكەن لاي، لاتقا، ئەخلەت، چارۋىلارنى تازىلاش داۋامىدا، بىر تال سۆڭەكتىن ياسالغان بىگىز شەكىللىك بۇيۇم ئېھتىياتسىزلىقتىن ئەخلەت - چارۋىلار بىلەن بىرگە تازىلاپ چىقىرىۋېتىلگەن. يېقىندىكى بىر قېتىملىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى داۋامىدا، ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىدىكى بىر نەپەر كەسپىي كادىر بۇ يەردىكى تازىلاپ چىقىرىۋېتىلگەن توپا دۆۋىسىدىن ئۇنى بايقىغان.

بۇ ئۇستىخان بۇيۇمنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 15cm كېلىدۇ. ئۇچى قىسمى سۇنۇپ كەتكەن. بۇ بۇيۇمنىڭ باش قىسمىنىڭ يوغانلىقى 2cm كېلىدۇ. ئۇچى قىسمى 4mm كېلىدۇ. ئوتتۇرا قىسمىنىڭ ئۇيۇمى 7mm كېلىدۇ. بۇ ئۇستىخان بۇيۇم ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ئۇستىخىنىدىن ياسالغان بولۇپ، ھايۋانات ئۇستىخىنىنى سىلىقلاپ ۋە تەدرىجىي ئۇچلاش - ئىنچىكىرىتىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ پىششىقلانغان. پىششىقلاش جەريانى ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان.

يارغول قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان ئۇستىخاندىن ئىشلەنگەن بۇ بۇيۇمنى، نەق مەيدانىنى تەكشۈرۈشكە قاتناشقان مۇتەخەسسىلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇستىخاندىن ئىشلەنگەن بىگىز دەپ قاراشتى، بەزى مۇتەخەسسىلەر ئېھتىمال ئەينى زامانلاردا ئىشلەنگەن چاچ تۈرگۈچ بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراشتى. بۇ قېتىم بۇ قەدىمكى شەھەردىن تېپىلغان بۇ ئۇستىخان بۇيۇم دۆلىتىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدىن تېپىلغان

www.uyghurkitap.com



شۇ تېپتىكى بۇيۇمغا ئوخشاش. ئۇ ھەم بىگىز بولۇشى ھەم چاچ تۇرگۇچ بولۇشى مۇمكىن.

بۇ بۇيۇمنى ئەگەر چاچ تۇرگۇش، دەپ تەھلىل قىلساق، بۇ قەدىمكى ماكاندا يىراق قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا ياشاپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ يىراق قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا گۈزەللىككە ئىنتىلگەنلىكىنى ھەم ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى گۈزەللىك ئارقىلىق ئىپادە قىلىشتا ئادەتلەنگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. چۈنكى ئەجدادلىرىمىز مەدەنىيەتلىك تۇرمۇشقا قەدەم قويۇپلا گۈزەللىكنى قوغلاشقان ھەم ياراتقان، ھەر خىل ھەر شەكىلدىكى ئىپادىلەش شەكىللىرىنى ئىختىرا قىلغان.

دېمەك گۈزەللىك ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدىكى ئىپادىلىنىشى.

ئەگەر بۇ ئۇستىخان بۇيۇمنى ئۇستىخاندىن پىششىقلانغان بىگىز دەپ قارىساق، يۇقىرىقىغا ئوخشاشلا ئەجدادلىرىمىز مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ھەم گۈزەللىكنى يارىتىشتا ئىشلەتكەن. چۈنكى ئەجدادلىرىمىز ئۆزىنىڭ كۈندىلىك كىيىم - كېچەكلىرىنى، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى مۇشۇنداق ئۇستىخاندىن، تاشتىن، ياغاچتىن ياسالغان بۇيۇملارنى ئىشلىتىش ئارقىلىق پىششىقلىغان.

دېمەك ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى نۇرغۇن ئالىملار ۋە مۇتەخەسسىسلەر بۇ ھەقتە نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرلىرىدە تاش قوراللارنى، ئۇستىخاندىن ياسالغان قوراللارنى ئۆزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئىشلەتكەنلىكىنى، ئىپتىدائىي قوراللاردىن پايدىلىنىپ تىرىقچىلىق ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغانلىقىنى، ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بارغانلىقىنى، ئەشۇ ئىپتىدائىي قوراللار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ بارلىق ئېھتىياجىنى قاندۇرغانلىقىنى، ئۇستىخاندىن ياسالغان بىگىز، يىڭنە، چاچ تۇرگۇچ ۋە باشقا قوراللار بىلەن كىيىم - كېچەك پىششىقلاش ئېھتىياجىنى قاندۇرغانلىقىنى، گۈزەللىكنى يارىتىش ھەم ئىپادىلەش مەقسەتلىرىگە يەتكەنلىكىنى داۋاملىق ئېلان قىلماقتا. ⑤

شۇنىڭدىن ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەجدادلىرىمىز ئۆز تۇرمۇشى داۋامىدا، ئۆزلۈكسىز ئىجاد قىلىشقا، ئۆزلۈكسىز ئىختىرا قىلىشقا تايىنىپ ھەر خىل ھەر شەكىلدىكى تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى كەشىپ قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى گۈزەللەشتۈرگەن، تۇرمۇشقا مول يېڭى مەزمۇنلارنى قوشقان. تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزلۈكسىز بېيىتقان. يۇقىرىدا بىز تونۇشتۇرغان بۇغا مۈرىتى نەقىشلەنگەن ئۈمۈر زىننەت بۇيۇمى، تۆمۈردىن سوقۇلغان پىچاق، ئۇستىخاندىن پىششىقلانغان بۇيۇم قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىر تەرەپتىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز تۇرمۇشىنى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دۇنياني ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدىكى تۆمۈر قوراللارنى پىششىقلاپ ئىشلىتىش باسقۇچىغا قەدەم قويغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۆمۈردىن ئىشلەنگەن قوراللارنىڭ تۈرىنى كۆپەيتىپ ئەينى زامان تىبابەتچىلىكىگە سىڭدۈرگەن. ئەينى زاماندىكى تىبابەتچىلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تۆمۈر پىچاقلارنى ئىشلىتىپ ئوپېراتسىيە ئىشلەپ، ئىنسانلارنىڭ كېسەللىنى داۋالاش جەريانىنى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكۈزگەن. ئۇستىخان بۇيۇملارنى پىششىقلاش ۋە ئىشلىتىش مەزمۇنىنى بېيىتىپ، ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ گۈزەللىكىنى ئىپادىلەشتە يېڭى مەزمۇن قوشقان. ئۇستىخاندىن پەقەت بىگىز - يىڭنە قاتارلىق بۇيۇملارنى پىششىقلاپلا قالماستىن، ھەر خىل مارجان، چاچ تۇرگۇچ، ۋە باشقا زىننەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپ مەدەنىيەتلىك تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتقان.

دېمەك يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇنداق بىر نۇقتىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىنسانلار دۇنياسىنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتى ئەجدادلىرىمىزنىڭ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ تەدرىجى تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتۈپ، جەمئىيەتنى ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنىڭ، بۇ جەھەتتە ئۆزلۈكسىز ھەرىكەت قىلغانلىقىنىڭ ھەم تىرىشقانلىقىنىڭ مەھسۇلى.

---

① ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى 84 - يىلى 1 - سان.
② شىنجاڭ قىيا تاش سۈرەتلىرى خەنزۇچە كىرىش سۆز قىسمى.
③ ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيخانا ۋە تۇرپان مۇزېيخانىلاردا كۆرگەزمىگە قويۇلغان.
④ سۇ بېشى قەۋرىستانلىقىدىن قېزىلغان جەسەتلەر ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا.
⑤ مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ھەر خىل ئىلمى ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىۋاتقان ماقالىلارغا قارالسۇن.

---

دانالار ئېيتىدۇ: پەزىلەت نەسلى ـ نەسەپ بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەدەپ بىلەن تېپىلىدۇ.
— مۇھەممەت زىھنىي

# بەشبالىق

## مەخسۇت ھېيت

ھازىرقى جىمسار ناھىيىسى بازىرىنىڭ شىمالىدىن 10 كىلومېتىر يىراقلىقتا قەدىمكى بەشبالىق شەھىرى خارابىسى بولۇپ، كۆلىمى ناھايىتى زور. شەھەر سېپىلىنىڭ ئايلانمىسى بەش كىلومېتىر بولۇپ، شەھەر سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى 10 نەچچە مېتىر، قېلىنلىقى 8 مېتىردىن 12 مېتىرغىچە كېلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا شەھەر ئىچىگە جايلاشقان ھۆكۈمەت مەھكىمىلىرى ۋە كوچا - رەستىلەرنىڭ ئىزناسىنى ھازىرمۇ تەخمىنەن پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. بۇ خارابىلىقتىن گۈللۈك خىش، مىستىن ياسالغان ئەمەلدارلار تامغىسى، ھۈنەر - سەنئەت سەۋىيىسى خېلى يۇقىرى بولغان مىستىن ۋە تاشتىن ياسالغان شىر ھەيكەللىرى، پۇللار، گۈل ئويۇلغان يۇمىلاق تاش، يەر ئاستى سۇ تۇرۇبىلىرى، ساپال قاچا قاتارلىق قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلغان.

«بەشبالىق» تۈركچە سۆز بولۇپ، «بەش شەھەر» دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈيۈك ئالىمى مەھمۇت قەشقىرى ئۆزىنىڭ ئۆچمەس ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بۇ ھەقتە مۇنداق ئىزاھات بەرگەن: «بالىق - ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى تۈرك ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا شەھەر، قەلئە. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن بىرى «بەشبالىق» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ «بەش شەھەر» دېگەن بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر شەھىرى «ياڭى بالىق» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ «يېڭى شەھەر» دېگەن بولىدۇ. («تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - تون، 492 - بەت).

جىمساردىكى بەشبالىق شەھىرىنى ئەينى ۋاقىتلاردىكى تۈركلەر «قاغان قۇت شەھىرى» دەپمۇ ئاتىغان. ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا يېزىلىشىچە، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ جايدا ئەسكەر تۇرغۇزۇلۇپ، تېرىقچىلىق قىلىنغان. ئەينى ۋاقىتتا بۇ شەھەر خەنزۇچە «جىنمەنچېڭ» ([illegible]) دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ مەنىسى «ئالتۇن بىلەن تولغان شەھەر» دېگەنلىك بولۇپ، تۈركلەر ئۇنى «ئالتۇن بالىق» دەپمۇ ئاتىغان. مىلادى 640 - يىلى بۇ جايدا ئايماق تەسىس قىلىنغان. كېيىنچە بەشبالىق تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى قۇرۇلغان. بۇ مەھكىمە فۇكاڭ، بارىكۆل، گۇچۇڭ، مورى ۋە جىمساردىن ئىبارەت بەش ناھىيىنى باشقۇرغانلىقى ئۈچۈن «بەشبالىق» دەپ ئاتالغان.

ھازىرقى ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇلانباي سۇ ئامبىرى يېنىدىكى تاغ ئېغىزى ئەينى چاغلاردا بەشبالىق تەۋەسىدىن تۇرپان ۋە جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتىدىغان مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغاچقا، بەشبالىق تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى بۇ جاينى كونترول قىلىش - باشقۇرۇش، قاتناش ۋە سودا - سېتىقنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بۇ جايغا بىر قەلئە سالدۇرۇپ، مەلۇم ساندا ئەسكەر تۇرغۇزغان ھەم ھەربىيلەرنى بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا ئويۇشتۇرغان. بۇ قەلئە خارابىسى ۋە بەشبالىق قەدىمكى شەھىرى شىنجاڭ ۋە ئۈرۈمچى رايونىنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

## ئوردو بالىق قەدىمكى شەھىرى

مىلادى 744 - يىلىدىن 840 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى «ئوردو بالىق» خارابىسى ھازىرقى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىدىكى ئورخۇن دەرياسى يۇقىرى ئېقىنىنىڭ سول قىرغىقىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ موڭغۇلچە ئاتىلىشى «قارا بالغا سۇن» بولۇپ، ئۇيغۇرچە «چوڭ قارا شەھەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ شەھەر مىلادى 840 - يىلى سىرتتىن كەلگەن بىر زور قوشۇننىڭ ھۇجۇمىغا

ئۇچراپ ۋەيران قىلىنغان.

1949 ـ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگى س. ۋ. كىسىلېيېۋ باشچىلىقىدىكى سوۋېت ـ مۇڭغۇلىيە بىرلەشمە ئارخېئولوگىيە ئەترىتى ئوردو بالىق قەدىمكى شەھىرى خارابىسىدە تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئېلىپ بېرىپ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە نۇرغۇن يادىكارلىقلارنى تاپقان.

بۇ شەھەر خارابىسىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 25 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، شەھەر ئىچى، قەلئە، قورغان ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەھەرنىڭ مەركىزىي قىسمى بىر كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئەتراپى توپا سېپىل بىلەن ئورالغان. سېپىل سىرتىدىكى قورۇلۇشلار بىر قەدەر شالاڭ بولۇپ، شەھەر مەركىزىي قىسمىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قەلئە سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى 12 مېتىر كېلىدۇ. بۇ يەردىن كۆپ قەۋەتلىك ئۆيلەر تېپىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىگە ئىسسىنىش ئوسكونىلىرى جايلاشتۇرۇلغان، ئۆيلەرنىڭ تاملىرى كولرەڭ لاي بىلەن سۇۋالغان، كۆك مىستىن ياسالغان تۆتقۇچلۇق ھالقا بېكىتىلگەن دەرۋازا ئورنىتىلغان. قورغان تاملىرىنىڭ ھازىرقى ئېگىزلىكى 10 مېتىر كېلىدۇ. قورغاننىڭ مەركىزىگە ۋە ئەتراپىغا كۆزىتىش مۇنارىسى ياسالغان، بۇ قورغان ئىچىدىن خان سارىيىنىڭ ئىزلىرى تېپىلغان، قورغاننىڭ سىرتىغا رەتلىك قىلىپ ھويلا ـ ئارام ئورۇنلاشتۇرۇلغان، قورغاننىڭ جەنۇب تەرىپىگە بىر ئىبادەتخانا ياسالغان. تەتقىقاتچىلار ئۇنى ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ ئىبادەتخانىسى بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلىشماقتا. مەشھۇر يادىكارلىق ھېسابلانغان «توققۇز ئۇيغۇر خاقانلىرى مەڭگۈ تېشى» مۇشۇ يەردىن تېپىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ئورۇندىن يەنە بىر قول ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكىنى تېپىلغان بولۇپ، ئۇ يەردىن قىزىل ۋە كۆك مىس پارچىلىرى بايقالغان. شەھەر سىرتىدىكى ئۆيلەردىن يەنە دانلىق ئاشلىقلارنى سوقۇپ ئاقلايدىغان تاش ھاۋانچا، ياغىچاق پارچىلىرى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت بىر دانە پۇل تېپىلغان.

## ئۇلانبايدىكى قەدىمكى قەلئە

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىن 10 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئۇلانباي سۇ ئامبىرى يېنىدا بىر قەدىمكى قەلئە خارابىسى بولۇپ، ساقلىنىپ قالغان سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى 4 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 550 مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 450 مېتىر كېلىدۇ. ئۇ، تاڭ ۋە يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىگە مەنسۇپ خارابە بولۇپ، مىڭ نەچچە يۈز يىللار بۇرۇن بۇ قەلئەدە ئەسكەر تۇرغۇزۇلۇپ، ھەربىي پائالىيەت ۋە تېرىقچىلىق ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلغان. بۇ جاي ئەينى زامانلاردا ئۈرۈمچىدىن تۇرپان ۋە جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتىدىغان ئۆتەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا سودا ـ سېتىق پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلغان. يېقىنقى يىللاردا شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى بۇ خارابىلىقتا تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق نۇرغۇن ئات ۋە قوي شۆڭگەكلىرى، ساپال قاچا، قاشتېشى بويۇملىرىنى تاپقان.

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى ۋە فۇكاڭ ئەتراپلىرىدا «لۇنتەي ناھىيىسى» نى تەسىس قىلغان، بۇ ناھىيە ئەينى ۋاقىتتا جىمسارىدىكى بەشبالىق تۇتۇق ھىمــــــراۋۇل مەھكىمىسىگە قاراشلىق بولغان. ئۇلانبايدىكى قەدىمكى قەلئە ئاشۇ دەۋرگە خاس خارابە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇلانبايدىكى قەدىمكى قەلئە خارابىسى مۇھىم ئاسارە ئەتىقە ئورنى بولۇپ، ئۈرۈمچى رايونىنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىنى ۋە قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بۇ دائىرىدىكى پائالىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

---

ئەدەپ ئەھلى بىلەن سۆھبەتتە بولۇش ـ گۈللەر ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان تاڭ نازىمىدىنمۇ شېرىن.

— ئاتالار سۆزى

# مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئىسمى ھەققىدە

## تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم

دۇنياغا مەشھۇر تەكلىماكان قۇملىقىنىڭ غەربىي بۇرجىكىگە جايلاشقان 15 مىڭ 200 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان مۇنبەت زېمىن ۋە ئەشۇ زېمىندا ياشىغۇچى ئازغىنا كەم 150 مىڭ خەلققە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان «مەكىت» دېگەن بۇ ئىسىم ھەققىدە ھازىرغىچە گەرچە بىر نەچچە خىل قاراش ۋە پەرەزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن، ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان ئورتاق بىر خىل قاراشنىڭ تېخى ۋۇجۇتقا چىققىنى يوق. مېنىڭچە، مەيلى تارىخىي، مەيلى رېئاللىق جەھەتتىن بولسۇن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئەشۇنداق بىر ئورتاق قاراشنىڭ ئاللىقاچان ۋۇجۇتقا چىقىدىغان ۋاقتى بولۇپ ئۆتتى. شۇڭلاشقا مەن مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئىسمى ھەققىدىكى بىر نەچچە خىل قاراشقا بولغان ئىزدىنىشىمنى جامائەتچىلىك بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

1. مەكىت ـ «مىكىت گەۋرى» نىڭ ئىسمىغا قويۇلغان دېگەن قاراش ھەققىدە:

«قەشقەر گېزىتى» نىڭ 93 ـ يىل 13 ـ دىكابىردىكى «قەشقەر گۈلزارى» بېتىگە «مىكىت گەۋرى» ھەققىدە بىر ئىزاھات بېرىلگەن بولۇپ، ئىزاھاتتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «مىكىت گەۋرى ـ مۇڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ۋەكىلى، چىن دەيخانىنىڭ مەكىت خەلقىگە قىلغان زوراۋانلىقلىرىغا قارشى كۆتىرىلگەن يەرلىك خەلقنىڭ پەلۋانى، ھازىرقى مەكىت شۇ مىكىت گەۋرىنىڭ نامىغا قويۇلغان.»

ئىزاھات ـ تېخى ھەممە ئادەم بىلىپ كېتەلمىگەن يېڭى ئاتالغۇ، تارىخىي ۋەقە ۋە تارىخىي شەخس قاتارلىقلارنى توغرا چۈشەندۈرۈش يۈزىسىدىن ئەسەر ۋە ماقالىلاردا دائىم قوشۇمچە ئىشلىتىلىدىغان ياردەمچى ۋاسىتىلارنىڭ بىرى. ئۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەسەر ۋە ماقالىلارنى ئەينەن توغرا چۈشىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بولغاچقا، ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنىڭ توغرا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى زۆرۈر، ئەلۋەتتە. بىراق يۇقىرىقى ئىزاھاتتا، قىلچە ئىلمىي ئاساسى بولمىغان بىر تەرەپلىمە قاراش‌تولىمۇ يەڭگىللىك بىلەن ئالدىراپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. بىز ئىزاھاتتىكى گىرامماتىكىلىق نۇقسانىنى، جۈملىدىن تېرە بىلەن ئالمىشىپ كەتكەن بىر پەشنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئاۋۋال «مىكىت گەۋرى» نىڭ كىملىكى ھەققىدە قىسقىچىلا توختىلىپ ئۆتەيلى.

مىكىت گەۋرى ـ «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ 1981 ـ يىل 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «دولان مەشرىپى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىدا تولۇمدىن توخماق چىققاندەكلا پەيدا قىلىنغان ئاتالمىش «تارىخىي شەخس» بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا مەيلى مەكىت، مەيلى قەشقەر ياكى شىنجاڭ ھەققىدىكى بولسۇن، ھېچقانداق تارىخىي كىتاب، ماتېرىيال ۋە قولىيازمىلاردا ئۇچرىمايدۇ. مەخسۇس دولان مەشرىپىنى تونۇشتۇرۇش مەخسەت قىلىنغان ھېلىقى ماقالىدا، دولان مەشرىپى بىلەن قىلچە ئالاقىسى بولمىغان سۈنئىي تارىخىي شەخس «مىكىت گەۋرى» ھەققىدە توختىلىپ، ئۇنى «دولان خەلقىنىڭ ياش ھەم تەدبىرلىك بولغان ئاقسىلى» دەپ تونۇشتۇرغان. ئەمما بۇ تونۇشتۇرۇشنىڭ ھېچقانداق پاكىت ئاساسى، جۈملىدىن تارىخىي كىتاب، قولىيازما، ئاسارە ـ ئەتىقە، رىۋايەت ھەتتا ئاغزاكى مەلۇمات مەنبىئى قىلچە ئەسكەرتىلمەي، گويا ئاپتور «مىكىت گەۋرى» بىلەن زامانداش بولۇپ، ھەممە ئىشنى بىۋاسىتە كۆرۈپ تۇرغاندەكلا تەسۋىرلىگەن. بۇ ھال تارىخقا ئىلمىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن قارايدىغان ھەر قانداق ئادەمدە ئىختىيارسىز

www.uyghurkitap.com



سوئال پەيدا قىلماي قالمايدۇ.

ئىككىنچى جەھەتتىن «مىكىت گەۋرى»نى كۆتىرىپ چىقىش ئۈچۈن، ماقالە ئاپتورى «... 1743 - يىلدىن 1748 - يىلغىچە مۇڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن چىن دېيخان قوشۇن باشلاپ كېلىپ دولان خەلقىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان ... مىكىت گەۋرى دولان خەلقىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ۋە تەشكىللەپ چىن دېيخانغا قارشىلىق كۆرسەتكەن» دېگەن ئاساسسىز تەسەۋۋۇرنى پاكىت ئورنىدا ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭ بىردىن - بىر ئاساسىي سۈپىتىدە مەكىت ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى ھاڭغىتلىق يېزىسىدىكى ئاللىقاچان ئىستېمالدىن قالغان «قالماق جىلغىسى» دېگەن بىر تاشلاندى يەرنى تېپىپ چىقىپ، ئۇستىلىق بىلەن مىسال قىلغان. تولىمۇ ئەپسۇسكى، ھازىرقى جانلىق تىلىمىزدا «شاڭگاڭ بازىرى» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان جايلارنى ئەشۇ ئىسمغا قاراپلا «شاڭگاڭدىن ئادەم كېلىپ بەرپا قىلغان» دېگىلى بولمىغىنىدەك ۋە ھەم شاڭخەي قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردىكى تولىمۇ كۆپ بولغان كوچىلارنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قويۇلغان «شىنجاڭ كوچىسى»، «خوتەن كوچىسى» دېگەندەك ئىسىملارغا قاراپلا، ئۇنىمۇ «ئۇيغۇرلار كېلىپ بەرپا قىلغان ...» دەۋالغىلى بولمىغىنىدەك، ھېچقانداق تارىخىي ماتېرىيال ياكى قولىيازمىلاردا ئۇچراتقىلى بولمايدىغان «قالماق جىلغىسى» دېگەن بىر ئىسىمنى تېپىپ چىقىپلا، ئۇنى «مىكىت گەۋرى»نىڭ مۇڭغۇللار قوشۇنىغا قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى قىلىپ كۆرستىش - ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنى قايىل قىلالمىسا كېرەك.

مۇڭغۇللارنىڭ مەكىتكە كېلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، دەرۋەقە تارىخىي مەلۇماتلاردا جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ مەكىتتىن ئۆتكەنلىكى ھەققىدىكى خاتىرىلەر بار. بىراق ئۇلار ھېلىقى ماقالىدا كۆرسىتىلگەندەك «دولان خەلقىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش» ۋە شۇ ئارقىلىق «مىكىت گەۋرى»نى مەيدانغا چىقىرىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى جاھالەت جارچىلىرى بولغان پاسىق خوجا - ئىشانلارنىڭ ھامىسى سۈپىتىدە، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئەشۇ خوجىلارغا تارتىپ ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرىدە «ئىككىگە بۆلىنىپ، بىر بۆلىكى ئۈچتۇرپان، كەلپىن، مارالبېشى، كالتە يايلاقتىن ئۆتۈپ ئاتۇشقا چۈشۈپ، قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغان. يەنە بىر بۆلىكى ئاقسۇدىن ئۇدۇل غورو چۆل، مەكىتنى كېسىپ ئۆتۈپ يەكەنگە ھۇجۇم قىلغان ۋە 170 يىلدىن ئارتۇق سەلتەنەت سۈرۈپ ئۇيغۇرلار تارىخىدا پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان.»① بىراق ھېلىقى ماقالىدا دېيىلگەندەك «1743 - يىلدىن 1748 - يىلغىچە ...» ئەمەس، بەلكى 1678 - يىلى ئاپپاق خوجىنى قورچاق خان قىلىپ تىكلەپ جۇڭغار خانلىقىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن قايتىپ كېتىشكەن. «1732 - يىلى شەرقىي مۇڭغۇللارنىڭ سايىن نويانغا قاراشلىق قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقى سېرىن جۇڭۋاڭ 30 مىڭ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، غالدان سېرىننى تامامەن يەڭگەن. شۇنىڭ بىلەن غالدان سېرىن كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشلىرىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇ 1745 - يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، جۇڭغار خانلىقى ئىچكى قالايمىقانچىلىق ئىچىگە كىرىپ قالغان»②، ئەنە شۇنداق بىر شارائىتتا، ئۇلارنىڭ شۇنچە ئۇزاق يولنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئاتايىن تەكلىماكان چۆللىكىنىڭ غەربىي بۇرجىكىدىكى تارقاق ۋە نامرات يېزىلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا كېلىشى ئەقىلغە سىغىدىغان ئىش بولمىسا كېرەك.

دېمەك، 1743 - يىللاردا «مۇڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى»نىڭ مەكىتكە ئاتايىن بۇلاڭ - تالاڭغا كەلگەنلىكىنى تارىخىي پاكىتلار رەت قىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئاتالمىش تارىخىي شەخس مىكىت گەۋرى ۋە «مەكىت شۇ مىكىت گەۋرنىڭ نامىغا قويۇلغان» دېگەن قاراشمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

2. مەكىت - «مەنكەنت» «مەڭگەن» دېگەن ئىسىملاردىن ئۆزگەرگەن دېگەن قاراش ھەققىدە

1981 - يىلى «ئاتۇش ئەدەبىياتى»نىڭ قوش چىقىرىلغان 1 - 2 - سانىدا «مەخمۇت قەشقىرى ۋە ئارتۇچ» ماۋزۇلۇق بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىنىدى. ماقالىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تىلغا ئېلىنغان

قەشقەر تەۋەسىدىكى يەر - جاي، يۇرت ناملىرى بىر - بىرلەپ نەقىل كەلتۈرۈلۈپ «مەنكەنت» دېگەن ئىسىمغا كەلگەندە، ماقالە ئاپتورى ياللاڭ تىرناق ئېچىپ «(مەكىت)» دەپ ئىزاھلىغان. ئەينى شارائىتتا «تۈركىي تىللار دىۋانى» نەشرگە تەييارلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن تېخى رەسمىي نەشر قىلىنىپ كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈلمىگەن بولغاچقا، ئەسلى تېكىست بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماقالە ئاپتورى كۆزگە كۆرۈنگەن پىشقەدەم ئەدىب ئىمىن تۇرسۇن ئاكا بولغىنى ئۈچۈن، كەلتۈرۈلگەن نەقىل ۋە ئىزاھات قوبۇل قىلىنىپ، «مەكىت» «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تىلغا ئېلىنغان مەنكەنت دېگەن نامدىن كەلگەن دېگەن قاراش شەكىللەندى. مۇنداقچە ئويلىغاندا، مەكىت ناھىيىسىمۇ ئەلۋەتتە قەشقەر تەۋەسى ئىچىدە بولۇپ، ھازىرقى رېئاللىقىمۇ ئۇيغۇن؛ «مەنكەنت» دېگەن ئىسىممۇ ھازىرقى مەكىت دېگەن ئىسىمغا بەكلا يېقىن. يەنە كېلىپ «مەنكەنت» ئاخىرىغا تىرناق بىلەن مەكىت دەپ ئىزاھات بېرىلگەن . . . بۇ بىر قاتار ئامىللار ئەينى شارائىتتا باشقا ھېچقانداق گۇمانىي پىكىرلەرگە ئورۇن قالدۇرماي، مەكىت - بۈيۈك ئالىمىمىز مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ئالەمشۇمۇل كاتتا ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تىلغا ئېلىنغان «مەنكەنت»نىڭ ئۆزى شۇ دېگەن قاراشنى تەبىئىي يوسۇندا ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلدى.

بىراق 1984 - يىلى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نەشردىن چىقىپ، كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈلگەندىن كېيىن ئەھۋال باشقىچە بولدى. دىۋاندا تىلغا ئېلىنغان قەشقەر تەۋەسىدىكى يۇرت، يەر - جاي ناملىرىنى بىۋاستە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش نەتىجىسىدە، «مەنكەنت» ھازىرقى مەكىت بولماستىن، بەلكى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى تەۋەسىدىكى بىر خاراپ بولغان شەھەر ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. دىۋاندا ئېنىق قىلىپ: «مانكەنت قەشقەرگە يېقىن بىر شەھەرنىڭ ئېتى، كېيىن خاراپ بولغان.» دېيىلىپ، ئاستىغا بېرىلگەن ئىزاھاتتا «بۇ شەھەر خارابىسى ھازىرغىچە «mankant > mangan» نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە، شۇ شەھەر يېنىدىكى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە توققۇزاق بازار ئىچى مەھەللىسىمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.»③ دەپ ئەسكەرتىلگەن. بۇنىڭدىن ئېنىق كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، مەيلى خاراپ بولغان شەھەرنى كۆرسىتىدىغان مانكەنت بولسۇن، مەيلى توققۇزاق بازار ئىچىدىكى مەھەللىنى كۆرسىتىدىغان مەنكەنت بولسۇن، ھەر ئىككىلىسى توققۇزاق تەۋەسىدە بولۇپ ھازىرقى مەكىت ناھىيىسىدىن كۆپ يىراق. بۇ يەردە «مەھمۇت قەشقىرى ۋە ئارتۇچ» دېگەن ماقالىدىكى «مانكەنت» دېگەن ئىسىمغا بېرىلگەن ياللاڭ تىرناقلىق ئىزاھاتنى ئەتراپلىق بولمىغان پەرەز كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۇقۇشماسلىق دېمەي تۇرالمايمىز.

ئۇنىڭدىن باشقا، خەلق ئارىسىدا يەنە «مەكىت دېگەن بۇ ئىسىم «مەڭگەن» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان» دەيدىغان بىر خىل قاراشمۇ مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساس قىلىپ كۆرسىتىدىغىنى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: مەكىت - بۇغداي بەك ئوخشايدىغان ۋە كۆپ تېرىلىدىغان بىر جاي. مەكىتتىكى قەدىمىي يۇرتلاردىن بولغان «ئويبۇغداي» ۋە كېيىنرەك ئاۋات قىلىنغان «خامان كۆيدى» دېگەن يۇرتلارنىڭ نامىمۇ بۇغداي بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. بۇغداي سامىنى مەڭگەن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھەر يىلى ياز ۋە كۈزدە خامانلارغا گويا تاغدەك دۆۋىلىنىپ كېتىدىغان مەڭگەنلەرنى كۆرۈپ، سىرتتىن كەلگەنلەر بۇ يەرلەرنى «مەڭگەنلەر» «مەڭگەن» دەپ ئاتىغان. كېيىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بارا - بارا مەكىت دەپ ئاتىلىپ قالغان . . .

ئەمما بۇ بىر ئىلمىي ئاساسى يېتەرلىك بولمىغان ئاغزاكى مەلۇمات بولۇپ، تارىخىي نۇقتىدىن ۋە تىلشۇناسلىق نۇقتىدىن تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقى ئۆز - ئۆزىدىن چىقىپ تۇرىدۇ.

دېمەك، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تىلغا ئېلىنغان «مەنكەنت»كە بېرىلگەن مەكىت دېگەن ئىزاھات ئەمەلىيەتتە بىر ئۇقۇشماسلىق بولۇپ، دىۋاندىكى مانكەنت بىلەن ھازىرقى مەكىت تامامەن باشقا - باشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىككى يۇرت. خەلق ئارىسىدىكى مەڭگەن دېگەن سۆز بارا ـ بارا مەكىت بولۇپ ئۆزلىشىپ قالغان، دېگەن ئاغزاكى مەلۇماتمۇ ئادەمنى قايىل قىلغۇدەك ئىلمىي ئاساسقا ئىگە ئەمەس.

3. مەكىت ـ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولغان مەركىتلەرنىڭ ئىسمىدىن كەلگەن، دېگەن قاراش ھەققىدە

بۇ قاراش ھەققىدىكى پىكرىمىزنى بايان قىلىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن مەركىت قەبىلىسى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەركىت قەبىلىسى تىلغا ئېلىنسىلا، بەزىلەر «بۇ قەبىلە قازاق ۋە مۇڭغۇللاردىمۇ تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ ئۇيغۇر قەبىلىسى دېگىلى بولسۇن؟» دېيىشكە بەكمۇ ئالدىرايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ شەكىلگە قاراپلا باھا بېرىپ، ماھىيەتنى نەزەردىن ساقىت قىلغانلىق. ئۇنداقتا ماھىيەت زادى قانداق؟ بىز بۇ يەردە ئۆزىمىزنىڭ بىر تالاي قۇرۇق چۈشەندۈرۈشلەرنى سۆزلىگەندىن كۆرە، يازما تارىخىي مەنبەلەردىكى نەق پاكىتلارنىڭ ئۆزىگىلا مۇراجىەت قىلايلى: «مىلادى 907 ـ يىلى شەرقىي شىمالدا قىتان خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن تاتار قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ بەزى ئەزالىرى ئۇنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلار «ئاق تاتار» ۋە «قارا تاتار» دېگەن ئىككى قىسىمغا بۆلۈندى. ئاق تاتارلار ئاساسەن تاتار ۋە تاتار قەبىلە ئىتتىپاقىدىكى قونغىرات، ئۇنغۇت، جالايىر، مېركىت، تۆرە قاتارلىق قەبىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. قارا تاتارلار بولسا، ئاساسەن مۇڭغۇل قەبىلىسىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالاتتى . . . مىلادى 11 ـ ئەسىردە ئاق تاتارلار بىلەن قارا تاتارلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. بۇ كۈرەشتە قارا تاتارلار ئۈستۈنلۈك قازىنىشقا باشلىدى ھەم بۇرۇنقى «تاتار» دېگەن نامنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يەنە «مۇڭغۇل» دېگەن نامنى قوللىنىشقا باشلىدى . . . ئاق تاتارلار بارغانسېرى ئاجىزلاشتى ۋە پارچىلاندى. ھەتتا مېركىت، تۆرە قاتارلىق ئاق تاتار قەبىلىلىرىمۇ مۇڭغۇللارنىڭ يېڭى قەبىلە ئىتتىپاقىغا قاتناشتى»④ يۇقىرىقى بايانلاردىن كېيىنلا، ساپ قانلىق مۇڭغۇل قەبىلىلىرى بىر ـ بىرلەپ تىلغا ئېلىنىپ، 13 قەبىلە كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مېركىت قەبىلىسى يەنىلا تىلغا ئېلىنمىغان، ئەكسىچە «تۈرك، قىرغىز، قازاق ھەم خانلار شەجەرىسى»⑤ دېگەن باشقا بىر ماقالىدا مۇنداق قۇرلار ئۇچرايدۇ: «چىڭگىزخان دەسلىۋىدىلا كەرەيگە تايىنىپ، مۇڭغۇللارنى ئاز ـ ئازدىن يىغىپ، تاتار ھەم مەركىت بىلەن دۈشمەنلىشىپ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن نايمانغا تىگىشىپ ھەم ئۇنى يېڭىپ ئاخىرى پۈتكۈل مۇڭغۇللارنى يىققان چاغدا، ئۇلار ئولتۇراقلىشىپ قالغان بىر تالاي تۈرۈكلەر كۆچۈپ قېچىپ كېتىشكە يېرىنى قىيالماي، نەتىجىدە مۇڭغۇللارغا قاراشلىق بولۇپقالدى» .⑥

چىڭگىزخان ۋە مۇڭغۇل ئىمپېرىيىسى ھەققىدىكى باشقا تارىخىي مەلۇماتلاردىمۇ 1176 ـ يىلى چىڭگىزخان بورتا ئىسىملىك بىر مۇڭغۇل مەلىكىسىگە ئۆيلەنگەندە، توي ئاخشىمى مەركىتلەرنىڭ بېسىپ كىرىپ بورتانى بۇلاپ كەتكەنلىكى ھېكايە قىلىنىدۇ. ئارىدىن 10 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن چىڭگىزخاننىڭ يېقىنلىرى بورتانى قۇتۇلدۇرۇپ چىڭگىزخانغا ئەكېلىپ بەرگەندە، شۇ ئاخشىملا بورتانى تولغاق تۇتۇپ بىر ئوغۇل تۇغقان. مۇڭغۇللار ئوغۇلغا «مېھمان» دېگەن مەنادا «جورجىخان» دەپ ئىسىم قويغان. بەزىلەر بالىنى مەركىتلەردىن بولغانمىكىن دەپ گۇمان قىلغاندا، چىڭگىزخان ئۇلارنى شۇ كىچىسىلا مەخپىي ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان. ئۇزاق يىللاردىن كېيىن چىڭگىزخان ئۆزىگە تەخت ۋارىسى تاللىغاندا، قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قائىدە بويىچە تۇنجى ئوغلى جورجىخاننى تاللىماي ئەكسىچە ئۇنىڭ ئىنىسى ئوكتاينى تاللىغانلىقى ـ يۇقارقى ۋەقەنىڭ راستلىقىنىڭ بىر دەلىلى سۈپىتىدە ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈلگەن.

پاكىت ھەر قاچان مۇنازىرىدىن ئۈستۈن، ئەلۋەتتە، بىز ئايرىم ـ ئايرىم تارىخىي يازما مەلۇماتلاردىكى بۇ بىر قاتار مۇھىم پاكىتلارنى قايتا تەھلىل قىلىپ ۋە شەرھىيلەپ، ئوقۇرمەنلەرنى بىر تالاي قۇرۇق چۈشەندۈرۈشلەر بىلەن ئاۋارە قىلمىساقمۇ، ئەشۇ نەق پاكىتلارنىڭ ئۆزىدىلا مەركىتلەرنىڭ مۇڭغۇل قەبىلىسى شەكىللىنىشتىن بۇرۇنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىر ئۇيغۇر قەبىلىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ئانچە كەملىك قىلمىسا كېرەك.

ئەمدى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىچكىرىلەپ، مەركىت قەبىلىسىنىڭ زادى ئۇيغۇرلاردىكى قايسى ئۇرۇق، قايسى جەمەتكە مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە كەلسەك، ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، «مەركىتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادىدىن بولغان ئىگىز ھارۋىلىقلار (قاڭقىللار) دىكى 12 جەمەتنىڭ بىرى بولۇپ» ⑦ ئۇلار ئەڭ دەسلەپ، يەنى 4 ـ ئەسىرلەردە بايقال كۆلى ئەتراپىدىن باشلاپ سىلىنگىر، ئورخۇن دەريا ۋادىلىرى، ئالتاي ۋە تارباغاتاي تاغلىرى ئەتراپىدا ياشىغان. 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ھازىرقى

تۇرپاننىڭ غەربىگە ھەمدە تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىي ۋە غەربىدىكى يايلاقلارغا كۆچكەن.⑧ مەخسۇس مەركىت قەبىلىسى تىلغا ئېلىنغان تارىخىي مەلۇماتلاردىمۇ «مەركىت قەبىلىسى ئاساسەن كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلاتتى» دېگەن قۇرلار ئۇچرايدۇ. كۆچۈش ـ بارلىق قەدىمى مىللەت ۋە قەبىلىلەرنىڭ تارىخىدا ئومۇمىي تۈس ئالغان بىر ئورتاق ھادىسە. ھەممىگە ئايانكى، قەدىمكى تۈركىي مىللەتلەر ئاساسەن كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. مۇقەررەركى، چارۋىچىلىقنىڭ ئوتلاق ۋە پەسىل قوغلىشىش ئېھتىياجى كۆچۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇرا ئاسىيادا تاكى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە داۋام قىلغان مىللەت، قەبىلە ۋە مەزھەب ـ گۇرۇھلار ئارىسىدىكى ئايىغى ئۈزۈلمەس ئۇرۇشلار بۇ كۆچۈشنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەن. بۇنىڭغا ھەر خىل ئېغىر تەبىئىي ئاپەتلەرنى قوشقاندا، كۆچۈش ئالدىنقى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى مىللەت ـ قەبىلەلەر ئۈچۈن ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ مۇھىم تەدبىرلىرىدىن بولۇپ قالغان دېيىلسە ھەرگىز ئارتۇق كەتمەيدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھازىر مەكىت دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتىلىۋاتقان جايلارنىڭ قەشقەر تەۋەسىدىكى مەكىت ناھىيىسىدىن باشقا يەنە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتى تەۋەسىدىمۇ بولۇشى يۇقىرىقى پىكرىمىزنى، يەنى ئەسلىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولغان مەركىتلەرنىڭ تارىختىكى كۆپ قېتىملىق كۆچۈش داۋامىدا ئەشۇ جايلارغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىقىنى مەلۇم ئاساسلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. يەنە كېلىپ ھازىرقى جانلىق تىلىمىزغا مەكىت دەپ ئۆزلىشىپ قالغان بۇ ئىسىم تاكى يېقىنقى يىللارغىچىلىك يېزىقتا ئەينەن ھالدا «مەركىت» دەپ يېزىلاتتى.

دېمەك، خۇلاسە شۇكى، مەكىت دېگەن بۇ ئىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋە ئەڭ جەڭگىۋار قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولغان مەركىتلەرنىڭ نامىدىن كەلگەن. بۇ قەبىلىنىڭ مۇڭغۇل ۋە قازاقلاردىمۇ بولۇشى قىلچە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى يۇقىرىقى مىسال ئېلىنغان پاكىتلاردا ئېنىق سۆزلەنگەندەك، ئەينى شارائىتتا «قارا تاتار» لاردىن يېڭىلىپ كۆچۈشنى خالىماي ئۇلارنىڭ قەبىلە ئىتتىپاقىغا قاتناشقانلار مۇڭغۇل قەبىلىسى بولۇپ؛ ئالتاي، تارباغتايلاردا قالغانلار قازاق قەبىلىسى بولۇپ؛ تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىغا كۆچكەنلەر ئەسلىدىكى ھالىتى بويىچە ئۇيغۇر قەبىلىسى بولۇپ شەكىللەنگەن. تارىخىي پاكىتلار شۇنداق تۇرۇقلۇق، يەنە ئاتالمىش «مىكىت گەۋرى» ۋە خاراپ بولغان شەھەر «مانكەنت»تىن مەنبە ئىزدەش ـ خۇددى تۆگىگە مىنىۋېلىپ تۆگە ئىزدىگەنگە ئوخشاشلا بىر ئىش، خالاس.

---

① «تارىختىن قىسقىچە بايانلار» 234 ـ 237 ـ بەتلەر.
② «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» 1224 ـ 1230 ـ بەتلەر.
③ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 ـ توم 215 ـ بەت.
④ «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» 752 ـ 755 ـ بەتلەر.
⑤⑥ «شىنجاڭ ئەل ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» 1986 ـ يىل 2 ـ سان.
⑦ «ئىبراھىم مۇتئىي ئىلمى ماقالىلىرى» 391 ـ بەت.
⑧ «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» 263 ـ 268 ـ بەتلەر؛
«تارىختىن قىسقىچە بايانلار» 41 ـ بەت.

---

ئىنسانغا ھاياتتا ئەڭ كۆپ پايدا بېرىدىغان نەرسە ئۈمىد.

ئا. ف. ۋېلتمان

ھەممىمىز ئۈچۈن ئورتاق بولغان نەرسە نېمە؟ ئۈمىد. چۈنكى ئادەمنىڭ ھېچ نەرسىسى بولمىغاندىمۇ ئۈمىدى بولىدۇ.

فالېس

ھەمىشە ئۈمىد بىلەن ياشاش، ھېچقاچان چۈشكۈنلۈككە بېرىلمەسلىك ھەقىقىي مەرد ئادەمنىڭ پەزىلىتىدۇر.

لوتسىي فلور

ئۈمىدسىز كىشى لەنگەرسىز كېمىگە ئوخشايدۇ.

ئە. تېلمان

ئۈمىد كېچىدىكى ئاسمان قوينىغا ئوخشايدۇ. چىڭقىلىپ تىكىلگەن نىگاھ ئاخىرى بىرەر جايدىكى يۇلتۇزنى تاپماي قويمايدۇ.

ئو. فېلىپ

ھەر قانداق ئېغىر مۇسىبەتلەرمۇ ئەقىل ئىدراك ۋە ۋاقىتنىڭ تەسىرى بىلەن سۇسلايدۇ.

ف. روخاس

# بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئىسلام دىنى ئەخلاقىنىڭ ماھىيىتىنى يەنىلا توغرا تونۇش كېرەك

مۇھەممەت يۈسۈپ تاھىرى

بازار ئىگىلىكىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ جەمئىيەتنىڭ قۇتۇپلارغا بۆلۈنىشى كۆنسايىن روشەنلەشتى. يەنى باي ـ كەمبەغەللىك پەرقى زورىيىشقا باشلىدى. پۇل ئۈچۈن كۈرەش ھەر ئىككى قۇتۇپ ئۈچۈن ئورتاق نىشان بولۇپ قالدى. پۇل تېپىش يولىدا ئۇلار ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمىدى. بۇ خىل ھالەت جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەخلاقى ۋە كەسپىي ئەخلاقىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىپ، سوتسىيالىستىك ئەخلاقنىڭ ئىناۋىتىگە نۇقسان يەتكۈزدى. بۇنىڭ بىلەن كونا ئىدىيە ۋە ئىدىئولوگىيىلەرنىڭ تەسىرىدىن تولۇق قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن بىر قىسىم كىشىلىرىمىز دىنىي ئەخلاقنى ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەخلاقنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ھەرىكىتىنى تەڭشەش پىكرىدە بولدى. ھەتتا جەمئىيەتتىكى ئوغۇرلۇق، بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق، باسقۇنچىلىقتەك جىنايەتلەرنى دىنىي ئەخلاق كۆز قارىشىنىڭ يوقلىقىدىن بولغان، شۇڭا، كەڭ ياشلارغا دىنىي ئەخلاقنى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىش كېرەك، دەپ قاراشتى.

شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ۋاقتى بىر قەدەر ئۇزۇن بولغاچقا، ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ ئەخلاقى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ نازۇك تەرەپلىرىگىچە چوڭقۇرلۇشۇپ كەتكەن، يەنى ئۆرپ ـ ئادەت تۈسىنى ئېلىپ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ۋارىسلىق قىلىنىپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكەتلىرىنى تەڭشەپ تۇرىدىغان ھەرىكەت قائىدىسى، مىزانى قىلىپ كەلگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن سوتسىيالىستىك ئەخلاق ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ ئىسلام ئەخلاقىغا بولغان ھەۋىسى يەنىلا ساقلاپ قېلىندى. بىراق، سوتسىيالىستىك ئەخلاق ھۆكۈمران ئىدىلوگىيە سۈپىتىدە مەكتەپتىن زاۋۇت، كان ـ كارخانىلارغىچە، شەھەرلەردىن يېزا ـ قىشلاقلارغىچە تەشۋىق قىلىنىپ، جەمئىيەت ئەزالىرىدىن كوممۇنىستىك ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە يېڭى جۇڭگو كىشىلىرىدىن بولۇش تەلەپ قىلىندى. بۇ جەھەتتە ئاجايىپ زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. لېكىن يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان ماتېرىيالىزمدىكى «دۆلەت يۈكىنى يەڭگىللىتىش» «ئۆزىنى ـ ئۆزى قامداش» سىياسىتىنىڭ ئۆرتكىنىدە، چەت، نامرات رايونلارنىڭ مائارىپى «پالەچ» ھالغا چۈشۈپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە مەدەنىيەت ئىگىلىرىنى تەربىيىلەيدىغان سورۇن ـ مەكتەپ كىشىلەرنى جاھالەت، نادانلىققا باشلايدىغان سورۇنلارغا ئورۇن بوشۇتۇپ بەردى. ئەسلىدىنلا ھەۋىسى ساقلاپ قېلىنغان ئىسلام ئەخلاقى يېڭىباشتىن باش كۆتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ئائىلە، نىكاھ، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىغا بۆسۈپ كىردى. شۇڭا، نۆۋەتتىكى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئىسلام ئەخلاقىنىڭ ماھىيىتى، ئىجتىمائىي رولى ئۈستىدە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزەرى بويىچە تەھلىل ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن زۆرۈر.

ئىسلام دىنى دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىننىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنتايىن مۇرەككەپ دىنىي ئەخلاق سىستېمىسىنى يېتىلدۈرگەن بولۇپ، خىلمۇ ـ خىل دىنىي ئەقىدىلىرىنىڭ ھەممىسىدە

مۇخلىسلىرىنىڭ كۈندىلىك ھەرىكىتىگە قارىتا ئەخلاقىي جەھەتتە تەلەپلەر قويۇلغان. ئىسلام دىنى ئەخلاقى ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ. يەنى ئىلاھقا ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى دەپ ئېتىقاد قىلىپ، پەقەت ئاللاھنىلا ئەخلاقنىڭ مەنبەسى ۋە ياراتقۇچىسى دەپ قارايدۇ. ئىسلام مۇخلىسلىرىدىن ئاللاھقا پاك مۇھەببىتىنى ئاتا قىلىشنى، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى ۋە ھۆكمىگە ئىشىنىش ۋە بويسۇنۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ ھەم مۇشۇنداق قىلالىغانلارنى «ئەخلاقلىق»لار، بۇنىڭ ئەكسىچە بولغانلارنى بولسا «ئەخلاقسىز»لار دەپ قارايدۇ.

ئىسلام دىنى ئەخلاقى يۇقىرىقىدەك ئادەم بىلەن ئاللاھنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەكىتلىگەندىن سىرت يەنە بىر خىل ئېتىقاد پرىنسىپى بولۇش سۈپىتى بىلەن دەھرى ئەخلاق (غەيرىي ئىسلام ئەخلاقى) نىڭ خېلى بىر قىسىم مەزمۇنلىرىنى دىنىي سىستېمىغا كىرگۈزۈپ چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئۈنۈملۈك تولۇقلىمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن ئىسلام ئەخلاقى مۇنداق ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان: بىرى ئادەم بىلەن ئاللاھنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشنى يادرو قىلغان ئەخلاق ئۆلچىمى، يەنە بىرى مۇشۇنىڭدىن كېڭەيگەن ھەمدە دىنىي ئىلاھشۇناسلىق ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلىدىغان كىشىلىك مۇناسىۋەت، رەسىم - قائىدە مۇناسىۋىتى. لېكىن بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئىلاھقا ھۆرمەت قىلىش بىلەن ئادەمگە ھۆرمەت قىلىش، خۇدا يولى بىلەن ئىنسانىي يول ئوتتۇرىسىدا زىددىيەتلەر تولغان بولىدۇ. ئەگەر خۇدا يولى بىلەن ئىنسانلىق توقۇنۇشۇپ قالسا، ھامان ئىنسانلىقنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا خۇدا يولىنىڭ ئىززىتى قوغدىلىدۇ. ئەلۋەتتە شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ئىسلام دىنىي ئەخلاقى غەيرى ئىسلام دىنىي ئەخلاقىنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنلىرىنى ئۆز سىستېمىسىغا كىرگۈزۈپ چۈشەندۈرۈپ، بۇ مەزمۇنلارنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى كۈچەيتىۋەتكەن. مەسىلەن: ياخشىلىق، گۈزەللىك، رەزىللىك ئەسلىدە غەيرىي ئىسلام دىنلىرىنىڭ ئەخلاقى كاتېگورىيىسىدىمۇ بار ئىدى. ئىسلاملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ياخشىلىق بىلەن گۈزەللىك ئىلاھنىڭ نامايەندىسى قىلىنىپ، جىن - ئالۋاستىلار (شەيتان) رەزىللىكنىڭ سىمۋولى قىلىندى. كەڭ قورساقلىق، كەمتەرلىك، باراۋەرلىك، مېھرىبانلىق، راستچىل، سەمىمىيلىك، ئاق كۆڭۈللۈك ئەسلىدە غەيرىي ئىسلام ئەخلاقىنىڭمۇ مەزمۇنلىرى ئىدى، بۇ مەزمۇنلار دىنلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە قويغان تەلىپى بولۇپ قالدى. ئىسلاملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ مەزمۇنلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى مەجبۇرلاش كۈچى شۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ كۈچەيدىكى، ئىسلام ئەخلاقىنىڭ كەينىدە يەنە «ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش» ، «ئۇ دۇنيادىكى سوراق» ۋە «جەننەت» ، «دوزاق» دىن ئىبارەت ئىلاھىيەت قاراشلىرى مەۋجۇت بولۇپ، بۇ قاراشلار روھىي ۋە پسىخىكا جەھەتتە كىشىلەرنى قورقۇتۇش رولىنى ئوينىدى.

پەن تېخنىكا تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، دىنىنىڭ جامائەتچىلىككە بولغان جەلپقىلىش كۈچى ۋە قايىل قىلىش كۈچى تۆۋەنلىگەن بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ ئىسلام ئەخلاقىغا بولغان ھەۋىسى، قىزغىنلىقى كۈنسېرى ئېشىپ بارماقتا. چۈنكى، ئۇ خەلقىمىز تۇرمۇشىدا بىر خىل ئۆرپ - ئادەت ۋە ئەنئەنىگە ئايلىنىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە جامائەت پسىخىكىسىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە سىڭىپ، بىر خىل ناھايىتى مۇھىم روشەن مەدەنىيەت كۈچىگە ئايلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ قالغان ئىدى. لېكىن قانداق بولۇشتىن قەتئىي نەزەر، ئىسلام ئەخلاقى ئىسلام، ئىدىيۋى سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمى. ئۇنىڭ ماھىيىتى ئادەم بىلەن ئاللاھنىڭ ماسلىشىش مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ، ئۇنى ئىسلام مۇخلىسلىرى بىلەن ئېتىقاد ئوبيېكتى - ئاللاھنىڭ مۇناسىۋەت ھەرىكىتىنىڭ مىزانىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

شۇنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، ئىسلام دىنىنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدا ئۇزۇن مۇددەت ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەش تۈپەيلى بەزى ئەنئەنىۋى ئەخلاقلار ھەر خىل دىنىي ئەقىدىلىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ئەھۋال ئىسلام ئەخلاقىنىڭ بەزى مەزمۇنلىرىنى ئومۇملۇق ئەھمىيىتىگە ئىگە بولۇش، ئىجابىي مەزمۇنلارنى

ئۆز ئىچىگە ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ قويغان. مەسىلەن: «ئاتا - ئانىغا ۋاپادار بولۇش، ياشانغانلارغا كۆيۈنۈش، خوشنا - خولۇم بىلەن ئىناق ئۆتۈش، ئۆز زېمىنىنى سۆيۈش، چېچىلىپ كەتمەسلىك، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئادىل بولۇش، بىلىم ئېلىشنى ئاخىرقى نەپەسكىچە داۋاملاشتۇرۇش، ۋەتەننىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرۇش، كۆپ ئۆگىنىش، كۆپ ئاڭلاش، غېرىپ - مۇرۇۋالارنىڭ بېشىنى سىلاش، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش، ئېلىم - بېرىمدە ئادىل بولۇش، زىنا قىلماسلىق، ئوغرىلىق قىلماسلىق، ئادەم ئۆلتۈرمەسلىك، يالغان سۆزلىمەسلىك، يالغان گۇۋاھلىق بەرمەسلىك، جازانىخورلۇق قىلماسلىق، باشقىلارنىڭ خوتۇن ۋە مال - مۈلكىگە كۆز قىزارتماسلىق، ئىسراپخورلۇق قىلماسلىق . . . . . . » قاتارلىقلار. بۇ مەزمۇنلار كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ماسلاشتۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىنى قوغداشتا، گۈللىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق. ئەمما ئىسلام ئەخلاقىنىڭ خەلقىمىز تۇرمۇشىدىكى سەلبىي رولىنىمۇ توغرا تونۇش، تارىختىكى سەلبىي رولىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا تەھلىل قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر. تارىختا ھۆكۈمران سىنىپلار ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئىسلام ئەخلاقىدىكى «ئىتائەت قىلىش»، «سەۋرى - تاقەتلىك بولۇش»، «ھەممە ئادەمنى سۆيۈش ھەتتا ئۆزىنىڭ دۈشمىنىنىمۇ سۆيۈش»، «بۇ دۇنيا قونالغۇ»، ئەڭ ئالىي بەخت «جەننەت» بىلەن «ئۇ دۇنيادا»، «ئادەمنىڭ بارلىق ئارزۇ - ھەۋىسى قەبىھلىك بولىدۇ»، «خۇدادىن بىسوراق قىل تەۋرىمەيدۇ»، «ئاياللارنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا» . . . . . . قاتارلىق مەزمۇنلاردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلابىي ئېڭىنى ئاجىزلاشتۇرغان، كىشىلەرنى رېئال تۇرمۇشتا قارىتا پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتقۇزۇپ، خىيالدىكى «ئۇ دۇنيا»دا راھەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە چاقىرغان. ئاياللارنى كەمسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئورنى ۋە رولىنى خۇنۇكلەشتۈرۈۋەتكەن.

بۇنىڭ ئۈچۈن ھەم سوتسىيالىستىك ئەخلاق بىلەن ئىسلام ئەخلاقىنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئوخشاش بىر قىممەت قارىشى قىلىۋالماسلىق، ھەم ئاددىي ئۇسۇل قوللىنىپ ئىككىسىنى تامامەن قارىمۇ - قارشى قىلىپ قويماسلىق، بەلكى ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى دىئالېكتىك تارىخىي تەرەققىيات نەزىرى بىلەن تونۇش كېرەك. مۇشۇنداق قىلالىغاندىلا ئاندىن ئىسلام ئەخلاقىنىڭ خەلقىمىز تۇرمۇشىدىكى ئورنىغا توغرا باھا بېرەلەيمىز.

---

كىشىلەر ئەدەپ تۇتىياسىنى تاشقى ۋە ئىچكى دۇنيا ئەخلاق كۆزىنىڭ روشەنلىكىنى ئاشۇرغۇچى سەۋەپ دەپ بىلىدۇ، بۇ قىممەتلىك ئاق يولنىڭ ئاتلىغى بولماي تۇرۇپ ئىززەت ۋە ھۆرمەت مەرتىۋىسىنىڭ ئىدراك كەئبىسىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

سائادەت مۈلكىنىڭ يولىدا دائىم بەختەر يۈرگەي،
ئەدەپنىڭ ھاسىسى بولسا كىشىنىڭ قولىدا ھەردەم!

— بارھۇردار ئىبىن ماھمۇد

# «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىگە بىر نەزەر

تاھىرجان مۇھەممەت

«كىيىم - كېچەك ئادەمنىڭ ئەڭ ئاساسلىق زىننىتى، گۈزەللىك زوۋقىنىڭ ئەڭ تىپىك ئىپادىسى. شۇنىڭدەك، مىللەتلەرنىڭمۇ بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى.»①

دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ جۇغراپىيىۋى مۇھىتى، تۇرمۇش ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى ۋە ئىستېتىك ھەۋىسى قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلى، ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ شەكلى، تۈرى ۋە رەڭگى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزگىچە پەرقلەر بار. كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىدىكى مۇشۇ خىل پەرق ئۆز نۆۋىتىدە تىكىش (ھۈنەر - سەنئەت) ئۇسۇلى ئارقىلىقلا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخ ۋە مول مەزمۇنغا ئىگە. ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى، جەمئىيەتنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسى داۋامىدا ئېھتىياج ۋە ئىمكانىيەتكە ئاساسەن ئۆزگىرىپ، يېڭىلىنىپ، مۇكەممەللىشىپ ھەم رەڭدارلىشىپ كۈچلۈك مىللىي تۈس ئالغان. شۇنداقلا، ئادەملەرنىڭ جىنس ئايرىمىسى، ياش قۇرامى، تەبىئىي شارائىتى ۋە ئىجتىمائىي ئېھتىياجىغا مۇناسىپ ئۆزگىچە ئەنئەنە شەكىللەندۈرگەن.

ئۇيغۇرلار ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ياشىغان يىراق قەدىم زاماندا، چارۋا - مال ۋە ياۋايى ھايۋانلار تېرىلىرىدىن، قوي يۇڭى توقۇلمىلىرىدىن كىيىم تىكىپ كىيگەن، ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە بولسا، پاختا يىپ توقۇلمىلىرى، پاختا - يۇڭ ئارىلاشما يىپ توقۇلمىلىرى ۋە يىپەك - كەندىر يىپ توقۇلمىلىرىدىن كىيىم - كېچەك تىكىپ كىيگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىلا «ئۇلاتۇ» (يىپەك قول ياغلىق)② تۇتىدىغان، ئاياللار «باغىرداق» (لىپتىك)③ باغلايدىغان، كىيىم - كېچەكلەرگە «ئۇتۇك» (دەزمال)④ بېسىپ كىيىدىغان، ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ياسالغان «تۇش» (توقا)⑤ لىق كەمەر باغلايدىغان، «تىزىلدۇرۇك» (كۈمۈش تەڭگە)⑥ لەر بىلەن زىننەتلەنگەن ئۇتۇك كىيىدىغان مەدەنىي ھاياتقا قەدەم قويغانلىقى مەلۇم.

ھازىرقى زاماندىكى تىككۈچىلىك تەدرىجىي رەۋىشتە تەرەققىي قىلىپ، ئاددىي قولدا تىكىشتىن قول ماشىنىسى بىلەن تىكىشكە، قول ماشىنىسىدا تىكىشتىن پۇت ماشىنىسى بىلەن تىكىشكە، پۇت ماشىنىسىدا تىكىشتىن توك ماشىنىسى بىلەن تىكىشكە ئۆزگەردى. ھەتتا ئاپتوماتلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. شۇڭلاشقا، يېقىنقى زاماندىن باشلاپ تىككۈچىلىك ھۈنەر كەسپى ساھەسىدە «ماشىنىچىلىق» دېگەن ئاتالغۇ پەيدا بولدى. نەتىجىدە تىككۈچىلىكتىن ئىبارەت ھۈنەر - سەنئەت ئۇسۇلى زامانغا لايىق ئىلغارلاشتى. كىيىم - كېچەكنىڭ تۈر ۋە پاسونلىرىمۇ سەرخىللەشتى.

مەرھۇم ئالىم، پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن قەيت قىلغىنىدەك: «كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى - مىللىي مەدەنىيەت قاتلىمىدا ساقلانغان مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىۋى ئىزچىللىقىنىڭ مۇھىم تارمىقى ھېسابلىنىدۇ.»⑦ تۈركىي تىللار سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقىنىڭ ئاساسچىسى، بۈيۈك ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئېنسىكلوپېدىك نادىر ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ

«دىۋان» دېيىلىدۇ) دا، كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىگە (جۈملىدىن تىككۈچىلىك ھۈنەر - سەنئىتىگە) ئائىت نۇرغۇن بايانلار بار. بۇ قىممەتلىك بايانلاردىن بىز قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى، تىككۈچىلىك ھۈنەر - سەنئىتىنىڭمۇ ئالاھىدە يۈكسەلگەنلىكىنى، ھەتتا مۇشۇ تەرەققىياتنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋاملاشقانلىقىنى بايقايمىز.

بىز مۇلاھىزىمىزنى «كىيىم» دېگەن ئىسىمدىن باشلايلى. «دىۋان» I - توم 560 - بەتتىكى «kazgû - كىيىم» سۆزى «كىيىم - كېچەك، ئۈستىباش» دەپ ئىزاھلانغان. «كىيىم» دېگەن ئورتاق ئىسىم ۋە ئۇنىڭ «كىيىم - كېچەك، ئۈست - باش» دېگەن شەرھىدىن ئۇيغۇر كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ قەدىم زاماندىلا يۇرۇشلەشكەن مۇكەممەل بىر سىستېمىغا چۈشكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. «دىۋان» I - توم 26 - بەتتىكى «tikdi — تىكتى» دېگەن سۆزلەم «ar ton tikdi» (ئادەم تون تىكتى) دەپ ئىزاھلانغانلىقىدىن ئەينى دەۋردىكى «تىكىش» دېگەن مەستەر (ھەرىكەتنامى) نىڭ ھازىرقى زاماندىكىدەكلا «تىكىش» ياكى «تىكمەك» دېگەن ئۇقۇمنى بەرگەنلىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

مەلۇم بولۇشىچە، تىككۈچىلەر (ھۈنەرۋەنلەر) خېرىدارلارنىڭ رەختلىرىنى ئۇلارنىڭ بويى بەستىگە قاراپ ئۆلچەپ پىچقان ھەم ئۆلگىلىك ئەندىزە ئىشلەتكەن. مەسىلەن: «دىۋان» I - توم 461 - بەتتىكى «yaratti — ياراتتى، لايىق قىلدى» دېگەن سۆزلەم مۇنداق ئىزاھلانغان: «ol tonuq yaratti» (ئۇ تونىنى (بەدىنىگە) لايىق قىلىپ بەردى). رەخت ئۆلچىنىپ بولغاندىن كېيىن، «kiftu» دەپ ئاتىلىدىغان مەخسۇس قايچا بىلەن كېسىلگەن مەسىلەن: «دىۋان» II - توم 480 - بەتتىكى «kiftuludi — قايچىلىدى» دېگەن سۆزلەم «ol bozûg kiftuladi» (ئۇ بوزنى قايچىلىدى) دەپ ئىزاھلانغان. «دىۋان» II - توم 493 - بەتتە «yan — ئەندىزە، قېلىپ» دېگەن سۆزلەمگە مۇنداق ئىزاھ بېرىلگەن: «ھەر قانداق نەرسىنىڭ (كىيىم - كېچەكنىڭ) پىچىمى شۇنىڭغا ئاساسەن ئۆلچىنىپ ياسىلىدۇ. bork yani — بۆك ئەندىزىسى، مۇنداق بولىدۇ: قەغەز قانات شەكلىدە ياكى ئۈچ بۇرجەك قىلىپ كېسىلىدۇ ياكى ئويۇلىدۇ، ياكى لايدىن يۇمىلاق قىلىپ تونۇر شەكلىدە بىر قېلىپ ياسىلىدۇ، بۆكنىڭ يېپەك رەختى شۇنىڭغا ئۆلچىنىپ كېسىلىدۇ. ھەر قانداق نەرسىنىڭ قېلىپىمۇ شۇنداقتۇر.» بۇ تەپسىلىي ئىزاھتىن، ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك پىچىش ۋە تىكىش ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئۆلچەملەشكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

تىككۈچىلىكتە كېسىمچىلىك (پىچىمچىلىك) ھالقىسى ئىنتايىن مۇھىم. بەدەنگە چاغلاپ، دەل جايىدا كېسىلگەن كىيىملەر تىكىش تاپسا (ياخشى تىكىلسە)، ئادەمگە زىننەت بولىدۇ، ھۆسنىگە ھۆسن قوشىدۇ، كىيىملەرنىڭ يارىشىملىق، چىرايلىق بولۇشى، رەختكىلا باغلىق ئەمەس، ئاساسلىقى ھۈنەر - سەنئەتكە باغلىق. ئالايلى، ئەتلەس، سارجا، دۇردۇن قاتارلىق قىممەت باھالىق ئېسىل رەختلەر بەدەنگە لايىق كېسىلمەي ياخشى تىكىلمىسە، ئۇ ئادەمگە گۈزەللىك بېغىشلاش توغۇل خوپمۇ كەلمەيدۇ. ئەكسىچە، ئەرزان باھالىق ئاددى رەختلەر بەدەنگە چاغلاپ كېسىلىپ، چىرايلىق تىكىلسە، ئۇنداق كىيىم ئادەمگە خوپ كېلىدۇ، يارىشىدۇ، ھۆسنىگە ھۆسن قوشىدۇ. دېمەك، كىيىم - كېچەكنىڭ چىرايلىق تىكىلىپ سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشى، ئادەمنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇشى، پۈتۈنلەي تىككۈچىلىك ھۈنەر - سەنئىتىگە باغلىق.

قەدىمكى زاماندا كىيىم - كېچەك تىكىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يىپ پىششىق قىلىپ ئېشىلەتتى، ئېھتىياجغا قاراپ يىپلار قېتىلىپ (ئىنچىكە - توم قىلىنىپ) ئېشىلەتتى. مەسىلەن: «دىۋان» I - توم 271 - بەتتىكى «katturdi — قاتتۇردى، قوشقۇزدى» دېگەن سۆزلەمگە: «ol yip katturdi» (ئۇ يىڭنىگە يىپ قاتتۇردى)» دەپ ئىزاھ بېرىلگەن. بۇ سۆز ھازىرقى رېئال تۇرمۇشىمىزدىمۇ ئەينەن ئىشلىتىلمەكتە. يىپ ئېشىلىپ تەييارلانغاندىن كېيىن يىڭنىگە سېپىلاتتى «دىۋان» I - توم 2 - بەتتىكى

(تىكىمچى يىڭنىگە يىپ ساپتى) «yiqi yingna sapdi» دېگەن سۆزلەم «ئۆتكۈزدى»، ساپتى — «sapdi» دەپ ئىزاھلانغان. يىڭنە ۋە يىپلەرنى ھازىرلاپ بولغان تىككۈچى تىكىش جەريانىدا بارمىقىغا يىڭنىنىڭ بېشى پېتىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، تېرىدىن ياكى مېتالدىن ياسالغان «يۈكسەك» دەپ ئاتىلىدىغان ئويماق ئىشلەتكەنلىكى مەلۇم (روشەنكى، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز خېلى قەدىمدىلا مېتال ئىشلەپچىقىرىپ ئۇنىڭدىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان). مەسىلەن: «دىۋان» II - توم 61 - بەتتە «yüksak — ئويماق» دېگەن سۆزلەم: «ئويماق - تۆچتىن ياكى تېرىدىن ياسىلىدۇ، يىڭنە سانجىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بارماقلارغا سېلىنىدۇ.» دەپ ئىزاھلانغان. يۈكسەك (ئويماق) ھازىرمۇ ھەم ھەر قانداق تىككۈچىدە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم سايمان ھېسابلىنىدۇ. «ئويماقسىز خوتۇن بولماس، تېغىسىز ئەر (بولماس)» ⑧ دېگەن خەلق ماقالىسى بۇنىڭ جانلىق پاكىتى.

«دىۋان» دا يەنە كىيىم - كېچەكلەرنىڭ ئەستەرلىنىدىغانلىقى توغرىلىقمۇ مەلۇمات بېرىلگەن. مەسىلەن: «دىۋان» I توم 376 - بەتتە «iqladi — ئىچلىدى، ئەستەرلىدى» دېگەن سۆزلەم «ol tonni iqladi» (ئۇ تونىنى ئەستەرلىدى) دەپ ئىزاھلانغان. بۇ يەردە ئەينى زاماندا قانداق شەكىلدىكى ياكى قايسى پەسىللىك كىيىملەرنىڭ ئەستەرلىنىدىغانلىقى ھەققىدە چۈشەنچە يوق. ئەمما، يىراق ئۆتمۈشتىمۇ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ كىيىم - كېچەكلەرنى ئېھتىياجغا (خۇسۇسەن پەسىل ۋە تۇرگە) قاراپ، ھەم يالاڭ ھەم ئەستەرلىك قىلىپ تىكىدىغانلىقىنى جەزىم قىلىشقا بولىدۇ.

«دىۋان» دا تىكىلىپ پۈتكەن كىيىملەرنىڭ «تون» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. مەسىلەن: «دىۋان» I توم 662 - بەتتىكى «tikiklig — تىكىكلىك» دېگەن سۆزلەم «tikiklig ton» (تىكىكلىك تون) دەپ ئىزاھلانغان.

«دىۋان» دا تىككۈچىلىكنىڭ: «يۆمەش»، «قېيىش»، «سىرىش»، «تەپچىش» قاتارلىق خىلمۇ - خىل ئۇسۇللىرى كۆرسىتىلگەن. مەسىلەن: «دىۋان» I توم 117 - بەتتىكى «kobüxdi — يۆمەشتى» دېگەن سۆزلەم: «ol mana ton kobüxdi» (ئۇ ماڭا تون يۆمىشىپ بەردى) دەپ ئىزاھلانغان. «دىۋان» I توم 485 - بەتتىكى «kazio — قېيىق» دېگەن سۆزلەم «قېيىپ تىكىش» دەپ ئىزاھلانغان. «دىۋان» I توم 444 - بەتتىكى «siritti» - سىرىتتى ياكى شىرىتتى، شىرىغۇزدى» دېگەن سۆزلەم: «ol kizka kizir siritti» (ئۇ دېدەك قىزغا كىگىز شىرداق، شىرىتتى. بۇ كىيىمنى شىرىغانغا ئوخشاش) دەپ ئىزاھلانغان، «دىۋان» I توم 482 - بەتتىكى «tafqitti — تەپچۈتتى» دېگەن سۆزلەم: «ol tunin tafqitti» (ئۇ تونىنى تەپچۈتتى) دەپ ئىزاھلانغان. بىز بۇ ئىزاھتىن بىر جەھەتتىن «تەپچۈش» نىڭ تىككۈچىلىك ھۈنەر - سەنئىتىدە ناھايىتى كۆپ قوللىنىلىدىغان بىر خىل تىكىش ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى ئۇقساق، يەنە بىر جەھەتتىن «تەپچۈش» نىڭ كىيىم - كېچەكنىڭ رەسمىي پۈتۈشتىن ئىلگىرىكى پىرمىركا (سىناق) ئۈچۈن قىلىنىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. «دىۋان» نىڭ I توم 194 - بېتىدىكى «münaldi — ئېلىندى» دېگەن سۆزلەمگە بېرىلگەن «ton münaldi» (تون ئۆلچىنى ئېلىندى، يەنى تونىنىڭ چۆرىسى ۋە ئېگىنى كېسۋېتىلدى) دېگەن ئىزاھمۇ ئالدىنقى چۈشەنچىلىرىمىزنى تېخىمۇ تولۇقلايدۇ.

دېمەك، قەدىم زامانلاردىلا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز كىيىم - كېچەكلەرنى بوي - بەستىگە چاغلاپ پىچىپ، مۇۋاپىق يىپ بىلەن پۇختا تىكىپ، پۈتكۈزۈشتىن ئاۋۋال پىرمېركا قىلىپ، رەسمىي پۈتكەندىن كېيىن دەزماللاپ سىلىغايتىپ ئاندىن كىيگەن.

كىيىملەرنى چىرايلىق تىكىپ، ياراشتۇرۇپ كىيىشنىڭ ئۆزى بىر سەنئەت. ئالايلى، بىر ئادەمنىڭ بوي - تۇرقىغا، چىراي - شەكلىگە ماس كېلىدىغان رەختتىن بەدەن قۇرۇلۇشىغا جىپسا قىلىپ تىكىلگەن يارىشىملىق كىيىمنى كىيگەن ھالىتىدە باشقىلارغا بېرىدىغان تۇيغۇ - تەسىرى بىلەن، ئۇنىڭ ئۆزىگە ياراشمىغان ئىسكەتسىز كىيىمنى كىيگەن ھالەتتىكى باشقىلارغا بېرىدىغان تۇيغۇ - تەسىرى ناھايىتى روشەن

سىلىشتۇرما بولالايدۇ.

گۈزەل كىيىم ـ كېچەكلەر شەخسنىڭ زىننىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خەلقنىڭ، مىللەتنىڭ زىننىتى. «تاغنىڭ زىننىتى قۇرام تاش، ئادەمنىڭ زىننىتى ئۇستىباش (كىيىم ـ كېچەك)»⑨ دېگەن خەلق ماقالىسى بۇ نۇقتىنى تولۇق دەلىللەيدۇ.

سوتسىيالىستىك ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى داۋامىدا مىللىي كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى ئەنئەنىسىگە (جۈملىدىن تىككۈچىلىك ھۈنەر ـ سەنئىتىگە)، كونىنىڭ ئىچىدىن يېڭىنى يارىتىش، چەتنىڭكىنى ئۆز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش روھى بويىچە ئىجابىي ۋارىسلىق قىلىپ، زامانىۋى كىيىم ـ كېچەك پاسونى ۋە تۈرىنى بەرپا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. يېڭىلىق يارىتىش دەۋرىنىڭ تەلىپى، جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى، خەلقنىڭ ئارزۇسى. بىزنىڭ ئاتا ـ ئانا، ھەدە ـ سىڭىل، خانىم ـ قىزلىرىمىز، ئاكا ـ ئىنى، ئەپەندى ـ ئوغلانلىرىمىز ياش قورامىغا ماسلاشقان، جىنس ئايرىمىسىغا باب كەلگەن، بوي ـ بەستىگە ياراشقان، شەكلى ھەر خىل، پاسونى يېڭى رەڭدار كىيىملەرنى رەتلىك، پاكىز كىيىپ تېخىمۇ گۈزەللەشسۇن؛ مەنىۋىيىتى يەنىمۇ بېيىسۇن؛ ئەمگەك قىزغىنلىقى ھەسسىلەپ ئۆرغىسۇن؛ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى، تۇرمۇشقا قارىتا مۇھەببىتى ئۈزلۈكسىز ئاشسۇن.

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنىمۇ دەپ ئۆتۈش كېرەككى، ھازىر جەمئىيەتتە ئايرىم ساندىكى ئوغۇل ياشلار ئۇزۇن چاچ قويۇشقا، غەلىتە پاسونلۇق «مودا» كىيىملەرنى كىيىپ «تەمبۇر پاچاق، دۇتار كاسا» (خەلق سۆزى) لىق ياسىنىشقا ھەۋەس قىلماقتا. بىر قىسىم قىز ياشلار بولسا، كىشىنىڭ مەسلىكى كەلگۈدەك سۇمبۇل چاچلىرىنى كېسىپ، تۇم قارا تەبىئىي چاچلىرىنى سۈنئىي بوياپ، دورامچىلىق قىلماقتا. مەسئۇلىيەتچان ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلەرىنىڭ «ئەر دېسە ئەرچە ئەمەس، ئايال دېسە ئايالچە ئەمەس» غەيرى ياسىنىش خاھىشىدىن نارازى بولماقتا. جەمئىيەت بىزار بولماقتا. ئېيتىشقا بولىدۇكى، ناۋادا ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقىرى دەۋرىمىزگىچە ياشىغان بولسا، ئۇمۇ بۇ ھالەتكە قارىتا ئۆزىنىڭ تېگىشلىك قارىشىنى ئېنىق ھەم كەسكىن ئوتتۇرىغا قويغان بولاتتى.

---

① ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل، 1 ـ نەشرى، 174 ـ بەت.

② مەھمۇت قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، (1981 ـ يىل، 1983 ـ يىل، 1984 ـ يىل 1 ـ نەشرى) 1 ـ توم 183 ـ بەت.

③ يۇقىرىقى كىتاب، 1 ـ توم 653 ـ بەت.

④ يۇقىرىقى كىتاب، 1 ـ توم 93 ـ بەت.

⑤ يۇقىرىقى كىتاب، 3 ـ توم 173 ـ بەت.

⑥ يۇقىرىقى كىتاب، 1 ـ توم 686 ـ بەت.

⑦ «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992 ـ يىل 3 ـ سان 32 ـ بەت.

⑧ مۇھەممەت رېھىم: «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1979 ـ يىل، 1 ـ نەشرى، 145 ـ بەت.

⑨ يۇقىرىقى كىتاب، 168 ـ بەت.

# قارشىلىققا ئۇچرىمىغان ئىللەت يوقالمايدۇ

نىجات يۈسۈپ

ئىنسانلارنى تەركى دۇنيالىققا باشلاپ، رېئال دۇنيادىن، ئىجتىمائىي تورمۇشتىن يۈز ئۆرۈپ، خىيالىي دۇنيادا كۆرىدىغان «راھەت» غېمىنى قىلىشقا چاقىرىش، بۇ — سوپىزىم خۇراپىلىقىنىڭ تۈپ غايىسى ئىدى. بۇ غايە ئىنسانلارنى بۇ «ۋاپاسىز ئالەم» دىن ۋاز كېچىشكە، «ۋاپالىق ئۇ ئالەم» ئۈچۈن دۇئا - تىلاۋەت قىلىشقا دالالەت قىلىشتىن ئىبارەت.

خەلقىنىڭ نادانلىقى، غاپىللىقى، ساددىلىقى ئەشۇ بەتنىيەت خوجا - ئىشانلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە خۇراپىي سوپىلىقنى تەرغىپ قىلىپ، جاھالەتنى يامرىتىۋېتىشكە سەۋەبچى بولغانىدى. شۇ زامانلاردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن «ئاخىرەتنى ئويلاش» غايىسىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ۋە تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىگە كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بەرگەنىدى. ئارىمىزدىكى پېتىشماسلىق، تەقدىرچىلىك، نادانلىق، قەلەندەرچىلىك، ئۆزئارا ۋاپاسىزلىق بىزدىكى ئەنە شۇ خۇراپىي سوپىزملىق دەۋرىدىن قېپقالغان ئىللەتلەردۇر.

ئۈرۈمچىنىڭ چوڭ كوچىلىرىدا، بولۇپمۇ دۆڭكۆۋرۈك سودا بازىرىدا تىلەپ يۈرگەن كىچىك بالىلار، ئوتتۇرا ياشلىق ۋە قېرىلار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇلار كىشىلەرنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ، ئالدىنى توسۇپ بىچارىلەرچە تىلەۋاتىدۇ. بەزى ئاياللار يۈزىنى يېپىپ ئولتۇرۇپ قوللىرىنى تەڭلەپ نالە قىلىۋاتىدۇ. ئاز ساندىكى مېيىپ، ئىگىچاقىسىز قالغان قېرى - ئاجىزلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ياپياش، ساپمۇ - ساق تۇرۇپ قەلەندەرچىلىك قىلىۋاتقانلار قەلەندەرچىلىكنى باي بولۇشنىڭ يولى، ئوڭاي پۇل تېپىشنىڭ ئېپى، ھۈنەر - كەسپى قىلىۋالغانلار بولۇپ، بۇلار ئاز ساندىكى ھورۇن، نومۇسسىز، پەس ئۇيغۇرلىرىمىزدۇر. بۇ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان، مىللەتنى روھىي جەھەتتىن زەئىپلەشتۈرىدىغان نومۇسلۇق ئىش ئەمەسمۇ؟!

ھەممىنى تەقدىردىن كۆرۈش، ئەشۇنداق خورلۇقتا ياشاش ئىدىيىسى مىللەتنىڭ مۇھەببەت - نەپرەت جەھەتتىكى روھىي بىرلىكىنى، غايىۋى بىرلىكىنى، ئىتتىپاق بىرلىكىنى خۇنۇكلەشتۈرمەكتە، بۇزۇۋەتمەكتە.

بۇنى ئاز دەپ يەنە «خېنىم»، «ھاجىم»، «ئاخۇنۇم» قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ئۆيمۇ ئۆي قاتراپ يۈرۈپ قەلەندەرچىلىك، ئابداللىق قىلىۋاتقان بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بار. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كوچىلاردا كىشىلەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئالاھىدە بىر ئىشى باردەك كۆرۈنۈپ، گەپ سېتىپ ھەتتا پەيغەمبەرلەرنىڭ نامىنى، مازارى - ماشايىقلارنىڭ نامىنى سېتىپ، سوراپمۇ، قىستاپمۇ، تەسىرلەندۈرۈپمۇ پۇل ۋە باشقا نەرسە سوراۋاتىدۇ. بەزى نادان كىشىلىرىمىز «ماڭا خىزىر ئۇچرىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، ئۇلارغا بىر مۇنچە پۇل ۋە باشقا نەرسە بېرىۋاتىدۇ. بەزىلەر كىشىلەرنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ ئۆيلىرىگە ئۇسۇپ كىرىپ «ئايەت ئوقۇپ دۇئا قىلىپ» ئابداللىق قىلىۋاتىدۇ. بىر كۈنى بىزنىڭ ئىشىك قېقىلدى، ئىشىكنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قاتتىق ئۆرۈلۈشىدىن مەن ئۆيدىكىلەرگە چاقچاق قىلىپ: نوپۇس تەكشۈرىدىغانلار كەلگەن ئوخشايدۇ، دېدىم ۋە دەرھال ئىشىكنى ئاچتىم. ئىشىك تۈۋىدە بېشىغا سەرپۇش قارا تۇماق، ئۇچىسىغا ئۇزۇن چاپان كىيگەن ياش بىر كىشى تۇرۇپتۇ. ئۇ «خەتمە قۇرئان قىلىپ قويسام» دېدى. مەن ئۇنى نائۈمىد قايتۇرۇۋېتىشكە كۆزۈم قىيماي ئۆيگە كىرىشكە رۇخسەت قىلدىم. ئۇ ئۇزۇن بىر ئايەتنى ئوقۇپ دۇئا قىلدى. بىز ئۆيدىكىلەرمۇ ھەممىمىز تەڭ دۇئا قىلدۇق. مەن ئۇنىڭ تېخى ياش تۇرغان سالاپىتىگە قاراپ، تىلەپ كىرگەنلىكىدىن نارازى بولغان بولساممۇ، لېكىن چاندۇرماي ئازراق پۇل بېرىپ يولغا سېلىپ قويدۇم. بۇلار راستىنلا ئامالسىز قالغان نامرات - بىچارىلەرمۇ؟ ياق، ئۇلار پۇل تېپىش ئۈچۈن، مەنپەئەت ئۈچۈن «دۇئا»نى سېتىۋاتقانلار، ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلۇغ ئەقىدىلىرىنى پۇلغا سېتىۋاتقانلاردۇر. «سەدىقە بالانى يەر، تۆۋە گۇناھنى» دېگەن گەپ بار. لېكىن بۇ سەدىقە ئەمەس، بىلىپ - بىلمەي ئالدانغانلىق. ئۇلار مىللەتنىڭ نومۇسىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يۈزىنى تۆكىدىغان ساقتىپەزلەرنىڭ بىر خىلىدۇر.

قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردىمۇ تىلەمچىلىك قىلماسلىق، ھالال ئىشلەپ تىرىكچىلىك قىلىش توغرىسىدا تەلىم بېرىلگەن. مەسىلەن، قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ باقايلى: «ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئارغامچىسىنى ئېلىپ بېرىپ ئوتۇن تېرىپ كېلىپ سېتىپ جان باقسا، مەيلى بەرسۇن، بەرمىسۇن، بۇ، كىشىلەردىن تىلەمچىلىك قىلىپ جان باقىقاندىن كۆپ ياخشى.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىر - ئىككى خورما ۋە بىر - ئىككى لوقما بېرىلىش بىلەن تەلىپى ئورۇندىلىدىغان ئادەم مىسكىن ئەمەس، ھەقىقىي مىسكىن دېگەن تىلەمچىلىكتىن ئۆزىنى تارتىدۇ. خالىساڭلار ئاللاتائالانىڭ مۇنداق سۆزىنى ئوقۇڭلار: ‹كىمكى ماڭا كىشىلەردىن بىر نەرسە تىلىمەسلىككە كېپىللىك قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جەننەتتى بولۇشىغا كېپىللىك قىلىمەن. كىمكى بىھاجەت تۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلىدىكەن، ئۇ دوزاقنى زىيادە قىلغان بولىدۇ. كىشى تىلەمچىلىك قىلىۋەرسە، قىيامەت كۈنى يۈزىدە گۆش دىدارى بولمىغان ھالدا ھازىر بولىدۇ.›»

يۇقىرىدىكى سۆزلەردىن قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردىمۇ تىلەمچىلىكنىڭ يامان ئىش، نومۇسلۇق ئىش ئىكەنلىكى، ھالال ئىشلەپ جان بېقىش لازىم ئىكەنلىكى ئېيتىلغانلىقىنى كۆردۇق. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نېمە ئۈچۈن مىللىتىمىزنىڭ يۈزىنى تۆكۈدىغان بۇنداق پەس، نومۇسلۇق، گۇناھلىق ئىشقا ھېسداشلىق قىلىپ سۈكۈت قىلىپ تۇرىمىز!

باشقا مىللەتلەر ئەخلەتلەردىن ئەسكى قەغەز، تۆمۈر - تەسەك تېرىپ سېتىپ جان بېقىشنى تىرىكچىلىك قىلىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى دەپ قارايدۇ. بىزچۇ، نومۇسلۇق ئىش بولغان تىلەمچىلىك، ئابداللىق قىلىشقا رازى بولىمىزكى، ئەخلەتلەردىن ئەسكى قەغەز، تۆمۈر - تەسەك تېرىپ سېتىشنى نومۇسلۇق ئىش دەپ قارايمىز. ئاچ قالساق قالىمىزكى ئۇنداق ئىشنى قىلىشقا جۈرئەت قىلمايمىز.

بىزدە يەنە دىندا يوق نەرسىنى پەيدا قىلىدىغان، دىندا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىدىغان پەتۋارلار ئاز ئەمەس. بەزىلەر بىر كۈنمۇ قالدۇرماي روزى تۇتىدىغانلىقلىرىنى ئېيتىشىدۇ. تۇغقانلىرىمنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بالىلىرىدىن ئاڭلىشىمچە، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن روزى تۇتۇۋاتقانلارمۇ خېلى كۆپ ئىكەن. مەن روزى تۇتۇشقا قارشى ئەمەسمەن. لېكىن بەزىلەر قارىغۇلارچە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ. كىچىك چېغىمدا بازاردا بىر نەرسە يەۋاتقان بىر ئادەمنى قولىدا دەررە تۇتقان سەللىلىك بىر كىشىنىڭ قاتتىق ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم، دادامدىن بۇ ئادەمنى نېمىشقا ئۇرىدىغانلىقىنى سورىسام، دادام: ئۇ

كىشى روزى تۇتماپتىكەن دەپ جاۋاب بەرگەننىدى. بىزدە دىندا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىدىغان پەتىۋالار كۆپ. بۇنداق ئىشلاردا نېمىشقا شۇنداق قىلىسەن؟ دىنىمىزدا ئۇنداق كۆرسىتىلمىگەنغۇ! دەيدىغان ئادەم چىقمايدۇ. بەزى ناھىيە ۋە يېزا بازارلىرىدا روزى ئېيىدا ئاشخانىلار كۈندۈزى ئېچىلمايدۇ. نەتىجىدە بەزىلەر باشقىلارنىڭ ئەيىبلىشىدىن قورقۇپ تاماق يېيەلمەي ئاچ قالىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىستە نېمە دېيىلگەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاڭلىشىمچە، سەن كېچىسى ئىبادەت قىلىپ، كۈندۈزى روزى تۇتىدىكەنسەن. ئەگەر ئۇنداق قىلساڭ كۆزلىرىڭ ئولتۇرۇشۇپ، ئۆزۈڭ ھالسىزلىنىپ كېتىسەن، سەندە نەپسىڭنىڭ ھەققى بار، ئائىلەڭدىكىلەرنىڭمۇ ھەققى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى كۈنلەردە روزى تۇتقىن، بەزى كۈنلىرى تۇتمىغىن، كېچىنىڭ بەزىسىدە ئىبادەت قىلغىن، بەزىسىدە ئۇخلىغىن». يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن: «سىلەر دىندا چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ساقلىنىڭلار، سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇممەتلەر دىندا چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكلىرى ئۈچۈن ھالاك بولغان.»، «ئىشلارنىڭ يامىنى دىندا ئەسلى يوق بولۇپ، كېيىن پەيدا بولغان ئىشلاردۇر.»، «كىمكى ئىسلام دىنىدا بولمىغان ئىشنى پەيدا قىلسا ئۇ نەرسە قوبۇل قىلىنمايدۇ.»

يەنە ئاللاغا ئۆزىنى ئاتىغان ئۈچ كىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى: ھەممىشە كېچىسى ئۇخلىماي ناماز ئوقۇپ چىقىمەن دەپتۇ؛ يەنە بىرى: مەن ھەممىشە روزى تۇتىمەن، ھەرگىزمۇ ئېغىزىم ئوچۇق يۈرمەيمەن دەپتۇ؛ يەنە بىرى: مەن ئاياللاردىن يىراق يۈرىمەن، ھەرگىز ئۆيلەنمەيمەن دەپتۇ. رەسۇلۇللا كېلىپ ئۇلارغا: «سىلەر مۇنداق دەپسىلەر، ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىلەرگە قارىغاندا ئاللادىن بەك قورقىمەن ۋە ئەڭ تەقۋادارمەن. روزىنىمۇ بەزىدە تۇتىمەن، بەزىدە تۇتمايمەن، كېچىسى ھەم ناماز ئوقۇيمەن، ھەم ئۇخلايمەن، خوتۇنمۇ ئالىمەن، كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمنى تەرك ئېتىدىكەن، ئۇ مېنىڭ سۈننىتىمگە مەنسۇپ ئەمەس» دەپتۇ. دىنىمىزدا ئەسلى يوق نەرسىنى پەيدا قىلىدىغان، چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىدىغان چالا موللىلار، قۇلاق موللىلىرى، قۇرئاندىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقان سۆزلەرنى ئاڭلىغانسىلەر. شۇڭا قۇرئاندا ئەسلى يوق نەرسىلەرنى پەيدا قىلىپ، نادان خەلقنى ئالدىماسلىقىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمىز. يۇقىرىدىكىلەر بىزدىكى بىر خىل ئىللەت. «ئىللەت تۈزەلمىگىچە مىللەت تۈزەلمەيدۇ». بىزدە نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئىللەتكە قارشى جەڭ ئېلان قىلىپ، چۇقان سالىدىغان ئادەم چىقمايدۇ؟ بېكىنمە مىللەت راۋاج تاپالمايدۇ. ئۆزىدىكى ئىللەتلەرنى تونۇپ يېتەلمىگەن مىللەتمۇ راۋاج تاپالمايدۇ. بىزدىكى نۇرغۇن نەرسىلەر تېخى يېپىق ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ. مىللەت تېنىدىكى ئىللەتلەرنى تەلتۆكۈس يوقىتىش ئۈچۈن كۈچلۈك جامائەت پىكرى توپلايدىغان ئەزىمەتلەر مەيدانغا چىقىشى كېرەك. «قارشىلىقتا ئۇچرىمىغان ئىللەت يوقالمايدۇ». ئۆزىمىزدىكى بۇ ئىللەتلەرنى ئەيىبلەيدىغان، ئۇنىڭغا قارشى چىقىدىغان كىشىلەر تېخىمۇ كۆپلەپ چىقىشى كېرەك. ھەر كىم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى. تەقدىرگە تەن بېرىۋەرمەي، نادانلىقتا خاتىمە بېرەيلى. ئاخىرىدا بىر نەزمە بىلەن گەپنى ئاخىرلاشتۇراي:

«نادانلىقتا - خورلۇقتا، قاچانغىچە ياتىمىز،
يەنە ياتساق ئەمدى بىز ھالاكەتكە پاتىمىز.»

---

ئەدەپلىك ئادەم تىۋپكە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىش كۆڭۈلدىكى غەمنى قوغلايدۇ.

— ئاتالار سۆزى

# «تىپچىلىقمۇ» دېگەن سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى توغرىسىدا

ھېكىم زۇنۇن

ئۆرپ - ئادەت ئىجتىمائىي تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى. ئۇ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتى تارىخىدا يوقلۇقتىن بارلىققا، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە ۋە ئىزچىللىققا قاراپ راۋاجلىنىپ كەلدى. ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىنكاسى بولغان ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ بەزىلىرى ئىنسانلار تارىخىدىكى بەزى مۇھىم ۋەقەلەر، بىلەن باغلىنىشلىق بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ئىجتىمائىي تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىدا چوڭقۇر تارىخىي ئىزلارنى قالدۇرۇپ كەلدى. شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، كىشىلەر ئارىسىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

«تىپچىلىقمۇ» سۆزى بۇ خىل ئۆرپ - ئادەتلەر ئىچىدىكى تىپىك بىر مىسالدۇر.

بىزگە مەلۇم، كىشىلەر ئۇچراشقاندا «تىپچىلىقمۇ» دەپ سالاملىشىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنى كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. بۇنداق قىلىش كىشىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ياخشى خىسلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ بىر خىل ئىپادىسىدۇر.

ئۇنداقتا، «تىپچىلىقمۇ» سۆزى قانداق كېلىپ چىققان؟ نېمە ئۈچۈن كىشىلەر ئارىسىدا شۇنچە كەڭ ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولۇپ قالدى؟ ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسى ۋە ھازىرقى مەنىسى نېمە؟

«تىپچىلىقمۇ» دېگەن سۆزنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى ئىنسانىيەت تارىخىدا يۈز بەرگەن تۈرلۈك ئۇرۇشلاردىن ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ مەلۇم باسقۇچىغا كەلگەندە، جەمئىيەتنىڭ ھۆجەيرىسى - ئائىلە بارلىققا كەلدى. ئاھالىلارنىڭ تەبىئىي كۆپىيىشى نەتىجىسىدە، ئائىلە ئۇرۇقلارغا بۆلۈندى. ئۇرۇقلارنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئۇرۇش باشلاندى.

ئۇرۇق شەكىللەنگەندىن كېيىن، ئۇلار مەلۇم تېررىتورىيىنى ئاساس قىلىپ، پائالىيەت ئېلىپ باردى. ئاھالىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىشى ئارقىسىدا، بەزى ئۇرۇقلاردا تېررىتورىيە ۋە مەھسۇلات يېتىشمەسلىك كېلىپ چىقتى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىر قىسىم ئۇرۇقلار باشقا ئۇرۇقلارغا تاجاۋۇز قىلدى. غالىپ كەلگۈچى ئۇرۇق يېڭىلگۈچى ئۇرۇقنىڭ تېررىتورىيىسى ۋە مەھسۇلاتىنى ئىگىلىۋالدى. بۇ خىل ئۇرۇشلارنىڭ ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىشى يېقىن ئۇرۇقلارنىڭ بىرلىشىپ ئىتتىپاق تۈزۈشىگە ئېلىپ كەلدى. بۇ ئىنسانلار تارىخىدىكى قەبىلىنىڭ شەكىللىنىشى ئىدى.

قەبىلە شەكىللەنگەندىن كېيىن، بۇلاڭچىلىق خاراكتېرىدىكى ئۇرۇشلارنىڭ سانى كۆپىيىپلا قالماستىن، كۆلىمىمۇ كېڭىيىپ باردى. ئەسلىدىكى تېررىتورىيە ۋە مەھسۇلات يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن بۇ ئۇرۇشلار ئەمدى ئادەتكە ئايلىنىپ قالدى. ئېنگېلس مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئۇلار ياۋايىلار

ندى. بۇلاڭچىلىق ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، ئىجتىمائىي ئەمگەككە قارىغاندا، تېخىمۇ ئاسان، تېخىمۇ ئابرويلۇق ىش ھېسابلىناتتى. ئىلگىرىكى ئۇرۇشلار پەقەت تاجاۋۇزچىلىققا جاۋابەن ئېلىپ بېرىلاتتى ياكى يېتىشمەيۋاتقان تېررىتورىيىنى كېڭەيتىشنى مەقسەت قىلاتتى، ئەمدىكى ئۇرۇشلار بولسا، ساپلا بۇلاڭچىلىقنى مەقسەت قىلىدىغان بولدى، ئۇرۇش دائىملىق كەسىپ بولۇپ قالدى.»① دېمەك، ئۇرۇش تەييار مەھسۇلاتقا ئاسان ئېرىشكىلى بولىدىغان ياخشى ۋاستە دەپ قارالدى.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرىدا مىللەت بارلىققا كەلدى. مىللەتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، سىنىپ - مۈلۈكدارلار بىلەن مۈلۈكسىزلەر سىنىپىي مەيدانغا كەلدى. مۈلۈكدارلار سىنىپى جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلام تەبىقىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە بايلىقنى ئىگىلىۋالدى. ئۇلار سىنىپىي مەنپەئەتىنىڭ، تويماس نەپسانىيەتچىلىكىنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە تېخىمۇ كۆپ بايلىققا ئىگە بولۇش ئۈچۈن خەلق ئاممىسىنى تېخىمۇ دەھشەتلىك بۇلاپ - تالىدى ۋە بوزەك قىلدى. ئۇرۇش ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كۈچلۈك مىللەتلەرنىڭ ئاجىز مىللەتلەرگە تاجاۋۇز قىلىشىمۇ بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۈزلۈكسىز داۋاملاشقان بۇ ئۇرۇشلار كىشىلەرنى يۇرت - ماكانلىرىدىن ئايرىپ، سەرسان - سەرگەردان قىلدى، ئەل - جامائەتنى خاتىرجەم تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش شارائىتىدىن مەھرۇم قىلدى. كىشىنى ئىچىندۇرىدىغىنى شۇكى، بىگۇناھ خەلق ئۇرۇشنىڭ قۇربانى بولدى. ئۇرۇش سەۋەبىدىن، ئەر - ئاياللار، ئاتا - ئانىلار، ئېگىچە - سىڭىللار، ئۇرۇق - تۇغقانلارمۇ بىر - بىرىدىن ئايرىلدى. پۇخرالار ئەنسىزلىك، ۋەھىمە، ئەندىشە، ئازاب - ئوقۇبەت ۋە جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە قالدى. كىشىلەر تېنچ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرىدىغان كۈنلەرنىڭ بولۇشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلدى. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا «تېچلىققۇ» دېگەن سۆز كېلىپ چىقتى. بۇ چاغدا كىشىلەر كۆرۈشكەندە، ئالدى بىلەن، ئۇرۇش سەۋەبىدىن ئۆلۈم - يېتىم ئەھۋاللىرىنىڭ بولغان - بولمىغانلىقى، ئۇرۇق - تۇغقان، بالا - چاقىلارنىڭ خېيىم - خەتەرگە يولۇققان - يولۇقمىغانلىقىنى سوراپ بولغاندىن كېيىن، باشقا پاراڭلىرىنى قىلىشىدىغان بولدى ياكى ئۇرۇش ۋەھىمىلىرى ئۇلارنىڭ ئاساسلىق سۆھبەت تېمىسى بولۇپ قالدى. مانا بۇ «تېچلىققۇ» دېگەن سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى ھەم پۇخرالارنىڭ ئىچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشىدۇر. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى 2 - توم 496 -، 498 - بەتلەردە «تېچلىقمۇ» سۆزىگە بېرىلگەن ئىزاھمۇ بۇ ھۆكۈمىمىزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ سۆزنىڭ دائىم ئىشلىتىلىشى ۋە ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىسىدا، ئۇ ئاستا - ئاستا ئومۇملىشىپ، بىر خىل ئۆرپ - ئادەت سۆزى بولۇپ قالدى، شۇنداقلا كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇپ قالدى.

7 - ئەسىرگە كەلگەندە، ئىسلام دىنى بارلىققا كەلدى ۋە پەيدىن - پەي كېڭىيىپ دۇنياۋى خاراكتېرلىك چوڭ دىنلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئىسلام دىنىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە بىر مۇنچە مىللەتلەرنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىشى نەتىجىسىدە، ئەرەبلەرنىڭ بەزى ئۆرپ - ئادەتلىرى سىڭىپ كىرىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەر ئارىسىدا ئومۇملاشتى. بۇنىڭ بىلەن يۇقىرىقى ئۆرپ - ئادەت تېخىمۇ قېلىپلاشتى. كىشىلەر ئۇچراشقاندا، ئەرەبلەرنىڭ ئادىتى بويىچە ئالدى بىلەن «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن تېچلىق سورىشىدىغان بولدى. ئەرەبچە بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «ئاللا سىزنى ئامان قىلسۇن»

① «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 4 - توم، خەنزۇچە نەشرى 160 - بەت.

ياكى «سىزگە ئامانلىق تىلەيمەن» دېگەنلىك بولۇپ، بۇ سۆزنىڭمۇ يۇقىرىقى مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن، كىشىلەرنىڭ ئاللادىن ئامان ـ ئېسەنلىك تىلەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ئېنىق كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. ئومۇمەن، «تېچلىقمۇ» دېگەن بۇ سۆزگە يۇخرالارنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەت، دەرت ـ ئەلەم، ئېچىنىشلىق تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى، ئارزۇ ـ ئىستەك، غايە، خاتىرجەم، بەختىيار تۇرمۇشقا بولغان تەلپۈنۈش ۋە تەلمۈرۈشلىرى مۇجەسسەملەشكەنىدى.

بىراق، ۋەزىيەتتە ئاسمان ـ زېمىن ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن، ئۇرۇش ۋەھىمى بولمىغان ئەھۋالدىمۇ كىشىلەر ئارىسىدا بۇ ئۆرپ ـ ئادەت سۆزى يەنىلا ئىستېمالدىن قالغىنى يوق، بەلكىھېلىمۇ كەڭ ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولماقتا. مۇھىت ئۆزگەرگەن بۈگۈنكى كۈندە، بۇ ئۆرپ ـ ئادەت سۆزى يەنە نېمە ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ۋە كەڭ ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولىدۇ؟ بۇ سۆز ھېلىمۇ ئىلگىرىكى مەنىنى بىلدۈرەمدۇ؟ بۇنى ئوخشىمىغان تارىخىي شارائىتقا قاراپ كونكرېت تەھلىل قىلىش كېرەك.

ئۇرۇش ئاپەتلىرى تۈگىتىلگەن، تېنچ مۇھىتتا تۇرىۋاتقان شارائىتتا «تېچلىقمۇ» سۆزنىڭ ھازىرقى مەنىسى مۇنداق بىر قانچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) بۇ سۆز ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا كىشىلەرگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەنلىكتىن، كىشىلەر ئارىسىدىن ئاسانلا يوقىلىپ كەتمەيدۇ. ھەتتا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

2) بۇ سۆز يەنە كىشىلەر ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر خىل ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئايلىنىپ قالغان. شۇڭا، ئۇ كىشىلىك ھاياتتا، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە كەم بولسا بولمايدىغان ئەخلاق ئۆلچەملىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

3) بىر ـ بىرىنى ھۆرمەت قىلىش مەنىسىگىمۇ ئىگە. كىشىلەر ئۇچراشقاندا سالاملىشىش، تېچلىق سوراش بىر ـ بىرىنى ھۆرمەت قىلغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە بۇنىڭغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندىمۇ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە يەنىلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

4) بۇ سۆز كېسەل ـ ئاغرىقتىن خالى، ساق ۋە سالامەت تۇرىۋاتقان ـ تۇرمايۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. كونىلاردا «تەننىڭ ساقلىقى زور بايلىق» دېگەن گەپ بار. ئەلۋەتتە، ھەممە ئادەم كېسەل ـ ئاغرىقتىن، غەم ـ ئەندىشە، خەۋپ ـ خەتەردىن خالى بولۇپ، بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرۈشنى، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇچراشقاندا بىر ـ بىرىگە تېنچ ئامانلىق تىلەش كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئېسىل خىسلىتىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، دوست ـ ئاغىنىلەر، ئۇرۇق تۇغقانلار ئارا خەت يېزىشقاندىمۇ «تېنچ تۇرىۋاتامسىلەر، ئۆي ئىچى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار كېسەل ـ ئاغرىقتىن خالىي، ساق ـ سالامەت تۇرىۋاتامدۇ» دەپ سالامەتلىك، تۇرمۇش ئەھۋالىنى سوراپ خەت يېزىشىدۇ. مانا بۇ «تېچلىقمۇ» سۆزنىڭ ھازىرقى ئاساسىي مەنىسىدۇر.

بۇنىڭدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى بىلەن ھازىرقى مەنىسى تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. دېمەك، ئۆرپ ـ ئادەت مەسىلىسى بىر مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ، ئۇنى تەتقىق قىلغاندا، ئوخشاش بولمىغان ماكان ۋە زامانغا باغلاپ، تەتقىق قىلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى مەنىسىنى بىلگىلى، ئەسلى مەنىسى بىلەن كۆچمە مەنىسىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ.

# ئالىي مەكتەپلەردىكى قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلار جەمئىيەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە مۇھتاج

ئوبۇلقاسىم روزى

ئالىي مائارىپ بىر دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ۋە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئۆلچەشتىكى مۇھىم ئامىل بولغاچقا، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئەھۋاللىرىغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈش مائارىپ تارماقلىرى جۈملىدىن پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە.

ئىسلاھات ئېچىۋېتىشنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش خىراجىتى ئېلىش تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن، مائارىپ‌تۈزۈلمىسىدىكى ئىقتىساتنى پىلانلاش شەكلى بىلەن بازار ئىگىلىكىدىكى ئىقتىسادىي ئەندىزىلەر تەڭ ئېتىبارغا ئېلىنىپ ھەر خىل يۈرۈشلەشكەن ئىسلاھات تەدبىرلىرى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. نەتىجىدە يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلار مەسىلىسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش خىزمەتلىرىدە بارغانچە گەۋدىلىك ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. بۇ مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشىنىڭ ياخشى يامان بولۇشى ئوقۇش راسخودى ئېلىش تۈزۈمىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىغا ۋە مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. شۇڭا ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەر يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

ھازىر بىزدە ئائىلە ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرمىگەنلىك سەۋەبىدىن نۇرغۇن تالانت ئىگىلىرى ئالىي مەكتەپلەرگە كىرەلمەيۋاتىدۇ. كىرگەن تەقدىردىمۇ تېگىشلىك خىراجىتىنى تاپشۇرالماي زېھنى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىلىم ئىگىلىيەلمەيۋاتىدۇ، ئۇلار ئىقتىسادىي جەھەتتىن تېگىشلىك ياردەمگە ئىگە بولالمايۋاتىدۇ. بۇ تالانت ئىگىلىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا پايدىسىز. شۇڭا بۇ مەسىلىنىڭ پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئوبدان تونۇپ يېتىش لازىم.

تۆۋەندە ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئىقتىسادىي جەھەتتە پەۋقۇلئاددە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلار توغرىسىدا ئىگىلىگەن ئەھۋاللار ۋە بۇ مەسىلىگە قارىتا يۈزەكى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ھەر ساھە كىشىلىرى بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

### 1. ئىقتىسادىي جەھەتتە پەۋقۇلئاددە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى:

(1)، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالاھىدە قىيىنچىلىق بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلە ئىقتىسادىي كىرىمى ئەسلىدىنلا تۆۋەن. بۇنداق ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىسىنىڭ ئائىلىسى چەت، يىراق، نامرات رايونلارغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ جايلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ھەقىقەتەن ناچار. بۇنداق ئوقۇغۇچىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئادەتتە دېھقانچىلىق، چارۋىلىق بىلەن شۇغۇللانغاچقا، ئىقتىسادىي جەھەتتە كىرىمى يوق دېيەرلىك، بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشى ئوقۇتقۇچى ياكى ئىشچى، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچىلارنىڭمۇ ئىقتىسادىي كىرىمى بەك تۆۋەن بولغاچقا، پەرزەنتلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇش راسخودىنى تاپشۇرالمايۋاتىدۇ.

(2)، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالاھىدە قىيىنچىلىق بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلىسىدە، پەۋقۇلئاددە قىيىنچىلىقى بار بولغان بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن ياكى ئائىلىگە ئاساسلىق كىرىم توپلىغۇچى ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالغان بولۇپ، پۈتۈن ئائىلىسى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يۆلەنچۈكتىن ئايرىلغان بولىدۇ. بەزى ئائىلىلەردە ئائىلە ئەزالىرىدىن بىرەرسى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، داۋالىتىش جەريانىدا ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۆپ چىقىم تارتقان ۋە ياكى شۇ سەۋەبلىك نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلۇپ قالغان بولىدۇ.

(3)، ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشى ئۈچۈن ئۆزلىرى تاپشۇرىدىغان ئوقۇش خىراجىتىنىڭ يىلمۇ ـ يىل زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىشى ئۇلار ئۈچۈن پايدىسىز بولماقتا. ئوقۇش خىراجىتى ئېلىش تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەر بىر تۇتاش قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلاردىن ئېلىنىدىغان ھەقنىمۇ يىلمۇ ـ يىل ئۆستۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ. ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش خىراجىتىمۇ يىلمۇ ـ يىل ئۆرلەۋاتىدۇ.

**2. ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلار مەسىلىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يامان تەسىرلەر:**

ئىگىلىنىشچە، 1994 ـ يىلى مەلۇم بىر ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە تىزىمغا ئالدۇرغىلى كېلىپ «چاقىرىق نامىگە يېزىلغان ئوقۇش خىراجىتىنى مەكتەپ پۈتتۈرگىچە تۆلەيدىغان ئوخشايمىز، ئەگەر يىلىغا مۇشۇ بويىچە خىراجەت تۆلەيدىغان ئىش بولسا ئوقۇيالمايمىزكەن» دەپ مەكتەپتىن كېتىپ قالغان (ئۆزلۈكىدىن ئوقۇشتىن ۋاز كەچكەن ئوقۇغۇچى 10 نەپەر بولۇپ، شۇ يىلى مەزكۇر ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ 2.60% تىنى ئىگىلىگەن). ئۇنىڭدىن باشقا مەلۇم بىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋېتىپ ئوقۇش راسخودىنى تۆلىيەلمەي يېرىم يولدا ئوقۇشتىن توختاپ قالغان ئوقۇغۇچى 10 غا يېقىنلاشقان. بۇ ئەھۋاللار ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىغا تەسىر كۆرسەتكەچكە، خېلى كۆپ ساندىكى يېزا ـ بازارلاردا دېھقان، چارۋىچىلار ھەم مائاشى تۆۋەن نۇرغۇن خىزمەتچىلەر ئۆز پەرزەنتلىرى ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتسە ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇش خىراجىتى تاپشۇرالمايدىغانلىقىدىن ئەندىشە قىلىپ، پەرزەنتلىرىنى تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇتمىغان، ئۇلارنى تولۇقسىز

ئوتتۇرىدىلا ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە ئىشچىلار تېخنىكومىغا ئىمتىھان بەرگۈزگەن ياكى شۇنىڭغا تەييارلىق كۆرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە بەزى دېھقان ـ چارۋىچىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى ھەتتا باشلانغۇچ مەكتەپتىمۇ تولۇق ئوقۇتماي تاجىرىتىۋېلىپ، ھەر خىل يوللار بىلەن تىجارەت قىلىشقا، ھەق ئالىدىغان ئەمگەكلەرنى قىلىشقا مەجبۇرلىغان. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋە يېزا كادىرلىرىنىڭ نەسىھەتى، تەنقىد ـ تەربىيىلىرى كار قىلمىغان، ئايرىم ئاتا ـ ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە سۆيلەپ كەلگەن ئوقۇتقۇچىلارنى ھاقارەتلىگەن. ئوقۇتقۇچىلار بۇنىڭغا ئامال قىلالماي قايتىپ كەتكەن. نەتىجىدە شۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كېلىش نىسبىتى تۆۋەن بولغاچقا، مائاشى «بەلگىلىمە» بويىچە تۇتۇپ قېلىنغان. بۇ خىل مەسىلىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەئىنى سۈرۈشتۈرۈشكە ئادەم بولماي قالغان. يۇقارقىدەك ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشى يەنىلا ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلار مەسىلىسى مەزكۇر مەكتەپنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، مەمۇرىي باشقۇرۇش، ئامانلىق ساقلاش ئىشلىرىغا، باشقا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش ئىشلىرىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن: ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىسمەنلىرى يامان يولغا مېڭىپ، مەكتەپنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئامانلىق تەرتىپىنى بۇزۇپ، ئوغرىلىق، ئېپيەت نومۇسىنى سېتىش، يانچۇقچىلىق قىلىش، ئالدامچىلىق قىلىش قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، بارغانسېرى چۈشكۈنلىشىپ جىنايەت يولىغا ماڭغان. ئىقتىسادىي جەھەتتەئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كۆپسانىدىكى ئوقۇغۇچىلار گەرچە ھەر جەھەتتىن ئۆزىگە تەلەپنى قاتتىق قويۇپ تىرىشىپ ئوقۇغان بولسىمۇ، لېكىن تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن يېمەك ـ ئىچمەكنى قىسقان، بۇنىڭ بىلەن سالامەتلىكى بارغانچە ناچارلاشقان. دەرسلەر قىيىنلاشقان ياكى ئىمتىھانلار يېقىنلاپ كەلگەن مەزگىللەردە تۇيۇقسىز ئايلىنىپ يىقىلىپ چۈشۈش، نىرۋا ئاجىزلىق، ئۇتتاقلىق كېسىلى قاتارلىقلار كېلىپ چىقىپ، مەكتەپنىڭ نورمال خىزمەتلىرىگە بىر مۇنچە ئاۋارىچىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن.

يۇقىرىقى مەسىلىلەر يەنە بەزى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئائىلىسى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەلۇم بىر تاغلىق رايونىدىن بىر نەپەر قىز شىمالدىكى بىر ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان. قىزنىڭ ئائىلىسى ناھايىتى نامرات، لېكىن ئۇنىڭ ئوقۇش ئارزۇسى كۈچلۈك بولغاچقا، ئاتا ـ ئانىسى شۇ رايوندىكى پۇلدار بىر يۇڭ ـ تېرە سودىگىرىدىن پۇل قەرز ئېلىپ، قىزنى ئوقۇشقا يولغا سالغان. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ئىككى تەرەپ قىزنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمايلا ئوقۇش خىراجىتى ئۈچۈن ئالغان قەرز پۇلىنى «توي ئۈچۈن چاي ئىچىرىش» نامى بىلەن كەچۈرۈم قىلغان ھەم ئوغۇل تەرەپ قىز ئوقۇش پۈتتۈرگىچە بارلىق ئىقتىسادىي چىقىمنى ئۈستىگە ئالىدىغان، قىز تەرەپ قىزى ئوقۇش پۈتتۈرگەندە قىزنى ھېلىقى يۇڭ ـ تېرە سودىگىرىنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلىدىغان بولۇپ پۈتۈشكەن. ئېنىقكى، بۇ بىر دائىم تەكىتلەپ كېلىۋاتقان مۇھەببەت، نىكاھ ئەركىنلىكىگە تۈپتىن خىلاپ ئىش بولۇپ، بۇ ئائىلە ئۈچۈن نۇرغۇن ئازاب، جەمئىيەت ئۈچۈن نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. جەم ■ مىيەتتىكى بۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئىقتىسادىي كىرىمى تۆۋەن كىشىلەر باشقا ئىقتىسادىي كىرىمى ياخشى كىشىلەرگە ئوخشاش ئالىي مەكتەپلەرگە كىلىپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغاچقا، ئۇلاردا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە قارىتا خاتا قاراش ۋە نارازىلىق كەيپىياتى پەيدا بولۇپ، جەمئىيەتتىكى مۇقىمسىزلىق ئامىللىرى كۆپىيىپ كېتىدۇ. ئۇندىن باشقا ئەشۇ نامرات، قالاق، چەت جايلارنىڭ ماتېرىيال ئىشلىرى تېخىمۇ ئارقىدا قىلىپ، نەتىجىدە ھەر قايسى جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تەكشۈلۈك بولماي قىلىپ، پەرق بەك چوڭ بولۇپ كېتىش مۇمكىن.

ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلار توغرىسىدا بىز ئاددىغىنە بىر ھېساب قىلىپ كۆرسەك، ھازىر ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئوقۇيدىغان بىر ئوقۇغۇچى مەكتەپكە (بارلىق پارچە ـ پۇرات راسخودلار قوشۇلۇپ) يىلىغا ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەمدە 1000.00 يۈەن ئەتراپىدا خىراجەت تاپشۇرىدۇ. شۇ ئوقۇغۇچىغا مەكتەپ تەرەپتىن بېرىلىدىغان تاماق ياردەم (ئوقۇش مۇكاپات سوممىسى) پۇلى بىلەن قوشۇپ ھېسابلىغاندىمۇ ھەر ئايدا پەقەت يېمەك ـ ئىچمەك ئۈچۈن (ئەڭ تۆۋەن بولغاندا) 1500.00 يۈەن تاماق خىراجىتى كېتىدۇ. ئادەتتە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى، پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى سېتىۋېلىش، كىنو، كانسېرت كۆرۈش، ھەر خىل كوللېكتىپ مەدىنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى قاتارلىقلارغا ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەمدە بىر ئوقۇش يىلى 300.00 يۈەن خىراجەت كېتىدۇ، ئەلۋەتتە، ئائىلىسىگە بېرىپ كېلىش يول كىرا ھەققى ئۈچۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى بويىچە ھېسابلاپ ئىككى قېتىملىق ئەتىلىنى قوشقاندا) ئاز دېگەندە 400.00 يۈەن ئەتراپىدا پۇل كېتىدۇ. يۇقارقى خىراجەتلەر قوشۇلۇپ يىلىغا ھەر بىر ئوقۇغۇچى ئۈچۈن ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەمدە 3200.00 يۈەندىن 00. 3500 يۈەنگىچە، ئالىي مەكتەپتە تۆت يىل ئوقۇش ئۈچۈن 12800.00—14000.00 يۈەنگىچە پۇل كېتىدۇ.

بىزنىڭ گېزىت، رادىئو، تېلېۋىزىيە قاتارلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرىمىز ئاشۇ نامرات، قالاق، چەت، تاغلىق رايونلار ۋە يېزا كەنتلەرنى بىيىپ كەتتى دەپ كەڭ تەشۋىق قىلغىنى بىلەن، شۇ جايلاردىكى نامرات ئاھالىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تېخىچە سىغىز توپىلىق كونا شاغ ئۆيلەردە ئولتۇرىۋاتىدۇ. توك، ئىسسىنىش ئەھۋاللىرى ناھايىتى قالاق، يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 500.00 يۈەنگە يېتىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز. دېمەك، ئىقتىسادىي كىرىمى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تۆۋەن بولغان ئائىلىلەرگە نىسبەتەن يىلىغا 00. 3200 يۈەندىن 3500.00 يۈەنگىچە، تۆت يىل ئوقۇشى ئۈچۈن 12800.00 يۈەندىن 14000.00 يۈەنگىچە بولغان ئىقتىسادىي يۈكنى زىممىسىگە ئالالىشى مۇمكىن ئەمەس. قەرز قىلىپ مۇمكىنچىلىك تۇغدۇرغان تەقدىردىمۇ، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەش تېخىمۇ تەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلار جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئېتىبار بېرىشىگە ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشىشى كېرەك. ئاجىبارات ساھەلىرىمۇ بۇ مەسىلىنى مۇھىم تېما قىلىپ تەشۋىق ئېلىپ بېرىشى لازىم. شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە داشۆسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەلۇم بىر تارماق مەكتىپى بۇ جەھەتتىكى تەشۋىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەنلىكى، يەرلىك ھۆكۈمەتلەرمۇ ئۇلارغا يېقىندىن ماسلاشقانلىقى ئۈچۈن جەمئىيەتتىكى بەزى ساھەلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن يېقىندىن ياردەم بېرىشىگە ئېرىشكەن. بۇ ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن يېڭى

باشلىنىش بولۇپ، يېڭى ئېچىلغان ئىقتىسادىي تايانچ يولى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا چوقۇم دۆلەت، مەكتەپ ۋە جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن ئاساستا كاپالەتكە ئىگە ئەسلىھەلەر ۋە چارە تەدبىرلەرنى تۇرغۇزۇشى لازىم.

(1)، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلار مەسىلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان يۇقىرىقىدەك مەسىلىلەرنى دائىملىققا ھەل قىلىپ كەتكىلى ۋە تۈگەتكىلى بولمايدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بىز پەقەت ھەر خىل چارە تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ياردىمىگە ئېرىشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىمىز كېرەك. بىز مائارىپ تارماقلىرى ۋە مەكتەپلەر ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا پەقەت دۆلەتنىڭ مالىيە جەھەتتىكى ياردىمىگىلا تايانغىنىمىز بىلەن بۇ مەسىلىنى تېگى - تەكتىدىن ھەل قىلىپ كېتەلمەيمىز. چۈنكى ھازىر يۇقىرىدىن تارتىپ تۆۋەنگىچە ھەممىلا ئورۇندا مالىيىدە جىددىيلىك بولماقتا. دۆلەتنىڭ مالىيە كۈچى جەھەتتىن ياردەم بېرىشكىلا قاراپ تۇرساق مەسىلىنى ۋاقتىدا ھەل قىلالمايمىز. مۇۋاپىق ئويلىشىپ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا ئىشتىن سىرت ئىشلەپ پۇل تېپىشقا يول ئېچىش، شۇ ئارقىلىق ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى ئاز بولسىمۇ مەلۇم دەرىجىدە يەڭگىللىتىش كېرەك. بۇ شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزىگىلا پايدىسى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا زور ياردىمى بولىدۇ. مەكتەپلەرنىڭ بىر پۈتۈن ئوقۇ - ئوقۇتۇش ۋە باشقۇرۇش خىزمەتلىرىدىكى ئاۋارىچىلىقلارمۇ ئازىيىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى يەنە (خوجىلىق باشقارما، مۇلازىمەت شىركەتلىرى ۋە كارخانىلار) جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدىن ئۇچۇر ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، تەتىل مەزگىللىرىدە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشلەپ ئوقۇش خىراجىتى ئۈچۈن پۇل غەملىۋېلىشىغا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرىشى لازىم. ئىگىلىشىمىزچە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەلۇم بىر مەكتەپ شۇ شەھەردىكى بىر باغچە قۇرۇلۇشى بىلەن ئالاقىلىشىپ، تەتىل مەزگىلىدە بىر بۆلەك ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىراجەت جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىۋېلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، تاش، خىش، لاي يۆتكەيدىغان ئىش تۈرىنىڭ بىر قىسمىنى ھۆددىگە ئالغان، ئوقۇغۇچىلارغا خەۋەر قىلىش ئارقىلىق 6 نەپەر ئوقۇغۇچى ئۆزىنى تىزىملاتقان. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ كۈنلۈك ئىش ھەققى تاماقتىن سىرت 9.00 يۈەندىن بولغان بولۇپ (ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلىگەنلەرنىڭ كۈنلۈكى 20.00 يۈەندىن بولغان)، 40 كۈن ئىشلىگەن، دېمەك ئۇلار 40 نەچچە كۈن ئىشلەش ئارقىلىق ھەر بىرى 400.00 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىۋالغان. بۇنىڭمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ئۈنۈمى ياخشى بولغان.

(2)، مەكتەپلەر ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا يار يۆلەكتە بولۇش

خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. مەكتەپلەر ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئوقۇش خىراجىتى غەملىگۈچىلىش مەبلىغىنى تەسىس قىلىش بىلەن بىرگە، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئوقۇش ياردەم فوندى تەسىس قىلىش كېرەك. شۇ ئارقىلىق ئائىلە ئىقتىسادىي ناچار، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا مۇۋاپىق ياردەم بەرگىلى بولىدۇ. بۇ ئويلىشىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان مۇھىم مەسىلە.

(3) دۆلەت مائارىپىغا سېلىنىدىغان مەبلەغنى ئاشۇرۇپ بېرىش لازىم. دۆلەتنىڭ مائارىپقا سېلىنىدىغان مەبلىغى چوقۇم ئۇنۇملۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىنىش كېرەك. دۆلەتنىڭ مائارىپقا سالغان مەبلىغى يېتەرلىك بولسا ئاندىن مەكتەپلەرنىڭ مالىيە ئەھۋالى ياخشى بولىدۇ. مەكتەپلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا بېرىدىغان ياردىمى، ئۈنۈملۈك بولىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن ئارمانغا چۈشلۈق دەرمان بولماي قالىدۇ. ھازىر ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەر تۈرلۈك راسخوتلىرى جىددىي بولماقتا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كىرىمىمۇ ناھايىتى تۆۋەن، مال باھاسى ئۆرلىمەكتە، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مەكتەپلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىشىمۇ تەسكە چۈشىدۇ. شۇڭا دۆلەت مالىيىسى ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئالاھىدە قىيىن بولغان ئوقۇغۇچىلارغا مەخسۇس تۈر بويىچە مەبلەغ ئاجرىتىپ بېرىشنى تۈزۈملەشتۈرۈشى، ئۇنى مەلۇم نىسبەت بويىچە ۋە ئۆلچەم بويىچە يولغا قويۇش لازىم.

(4) يەرلىك ھۆكۈمەتلەر، بولۇپمۇ نامرات، قالاق چەت رايونلار ئۆز جايىنىڭ ئىقتىسادىي مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات نىشانىنى كۆزدە تۇتۇپ، بەلگىلىك تۈر بويىچە مەبلەغ ئاجرىتىپ، ئۆز جايىدىن ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى ئوقۇپ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن خۇشاللىق بىلەن ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ، شۇ جاينىڭ پەن - مەدەنىيەت مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ھەسسە قوشۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئىگىلىنىشچە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەلۇم بىر ناھىيىنىڭ ھاكىمى ناھىيىلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىگە ئۆز ناھىيىسىدىن ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا يىلىغا 500.00 يۈەندىن ياردەم بېرىش توغرىسىدا يوليورۇق بەرگەن ھەم ئۇنى ئۆزى بىۋاسىتە قول تىقىپ ئىشلەپ ئەمەلىيلەشتۈرگەن. نەتىجىدە بۇ ياردەمدىن بەھرىمەن بولغۇچىلار ناھىيە بويىچە 30 نەچچىگە يەتكەن ۋە ھەر ساھە كىشىلىرى ۋە ئاتا - ئانىلارنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشكەن. يەنە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەلۇم بىر ناھىيىنىڭ مەلۇم بىر يېزىسى ئۆز يېزىسىدىن ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇۋاتقان ياكى بارماقچى بولغان ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا يېزا مالىيىسىدىن يىلىغا 1000.00 يۈەندىن ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ تۇرغان ھەم بۇ ھەقتە توختام تۈزۈشۈپ، ئەگەر شۇ ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ شۇ يېزىغا قايتىپ كەلسە بېرىلگەن قەرز پۇلىنىڭ 20% — 30% گىچە بولغان قىسمىنى كەچۈرۈم قىلىش ۋە مۇددەتكە بۆلۈپ قايتۇرۇش، ئەگەر شۇ يېزىغا قايتىپ كەلمىسە 5% بويىچە ئۆسۈم ھېسابلاپ شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئاتا - ئانىسى ياكى كېپىل بولغۇچىدىن بىراقلا تۆلىتىۋېلىش توغرىسىدا توختامغا ئىمزا قويۇشقان بۇ ئۆسۈمسىز قەرز پۇلدىن بەھرىمان بولغۇچىلارمۇ 10 نەچچىگە يەتكەن. بۇ ئارقىلىق بۇ يېزا تالانتلىقلارنى ئۆز يېزىسىغا قايتىپ كېلىپ ئۆز يېزىسىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ھەسسە

قوشۇشقا دەۋەت قىلغان. مانا بۇ ئىقتىسادلىق خادىملارنى تاللىشنى رىقابەتتە دادىل يول ئېچىپ ئىلگىرىلىگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بەزى رايونلار، يېزىلار ئالىي مائارىپقا ۋە ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇۋاتقانلارغا ھەقىقەتەن چوڭ ياخشى ئىش قىلىپ بەرگەن. ئۇلارنى قوللىغان، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالاھىدە يار يۆلەكتە بولغان، ھازىر بەزى يېزا، كەنت ئورگانلارنىڭ مالىيە ئەھۋالى بىر قەدەر ياخشى، شۇڭا مالىيە ئەھۋالى ياخشى بولغان يېزىلار، چەت رايونلار ئۆز رايونىدىن ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇۋاتقان ياكى ئوقۇماقچى بولغان، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بولغان ئوقۇغۇچىلارغا مەلۇم نىسبەتتە ياردەم قولىنى سۇنۇپ، ئۇلارنىڭ ئالىي مەكتەپتە خاتىرجەم ئوقۇپ ياخشى بىلىم ئىگىلىشىگە شارائىت ھازىرلاپ بەرسە، بۇنىڭ ھەر ئىككىلا تەرەپكە چوڭ پايدىسى تېگىدۇ. بۇ ئويلىنىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك مەسىلە.

(5) پۈتكۈل جەمئىيەت مىقياسىدا ئالىي مەكتەپلەردە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. خۇددى «ئۈمىد قۇرۇلۇشى» پائالىيىتىنى يولغا قويۇپ، ئوقۇشتىن قالغان ياش - ئۆسمۈرلەرگە بەخت يارىتىپ بەرگەنگە ئوخشاش «ئەسىر ھالقىيدىغان تالانتلىقلار قۇرۇلۇشى»، «تالانتلىقلارنى قوغداش پائالىيىتى»، «ئەسىر ھالقىش قۇرۇلۇشى» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى يولغا قويۇپ ۋە ئۇنى قانات يايدۇرۇپ، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇشىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىشىغا ئىقتىسادىي جەھەتتە يار يۆلەكتە بولۇپ، ئۇلارنى ئەسىر ھالقىشتىكى ئىجتىمائىي ئىشلىرىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن ۋە ئىز باسارلىرىدىن قىلىپ چىقىش كېرەك. پارتىيە، ھۆكۈمەت شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەتلەر مۇشۇ خىلدىكى پائالىيەتلەرنى زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە پائال تەشكىللىشى، ئۆزلىرىمۇ بۇ جەھەتتىكى يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئالىي مائارىپقا ئىقتىسادىي جەھەتتىن زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى كېرەك. بۇ جەھەتتە جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى ۋە كەڭ ئاممىنى تولۇق سەپەرۋەر قىلىش لازىم. ئەگەر پۈتكۈل جەمئىيەت ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلار مەسىلىسىگە سەل قاراپ، بۇ مەسىلىنىڭ جىددىيلىكىنى، تەخىرسىزلىكىنى تونۇپ يېتىپ ۋاقتىدا ياردەم قولىنى سۇنمىسا، ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلار مەسىلىسى پۈتكۈل مائارىپقا، جۈملىدىن پۈتكۈل جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغان يامان تەسىرلەرنىڭ مەنبەئى بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ تەسىرىدە بىزنىڭ ھازىر ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋە كەلگۈسى ئېلىپ بېرىلىدىغان باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش، توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى يولغا قويۇش،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق بىر يۈرۈش پىلانلىرىمىزغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىپ، مىللىتىمىزنىڭ پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، ئىقتىسادىي ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ.

---

ھېكايەت: ئەدەپ غەزنىنىسىنى يۈرىكىگە جۇغلىغان بىر يىگىت بار ئىدى. ئۇ ئۆز بەختىنى تاپالماي بىر نەچچە ۋاقىت سەرسان سەرگەندانلىقتا يۈردى. كۈنلەردىن بىر كۈنى نۇشىرۋاننىڭ خادىملىرىدىن بىرىنىڭ خىزمىتىگە كىرىپ قالدى. ئۇ يەردىكى قىيىنچىلىق ۋە مەكرو خىياللارنىڭ ئازاۋىگە قانچىلىك سەۋر قىلمىسۇن بىرەر پايدا كۆرمىدى. قاراڭغۇ تۈنلەرنى بولسا ئېغىر خىياللار بىلەن ئۆتكۈزدى.

بېيىت:

كۈنىنىڭ جامالىنى كۆرەي دېگەنگە،
تۈندە سەبىر قىلماق يالغۇز چارىسى.
گەۋھەر قىدىرغۇچى مېھنەتتىن قورقسا،
قولىغا چىقمىغاي دۇرنىنىڭ پارچىسى.

بىر كۈنى نۇشىرۋان مەجلىس ئۇيۇشتۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆز مۇلازىملىرىدىن: «ئەڭ يۇمشاق نەرسە نېمە؟» دەپ سورىدى. بىراۋ: «شاھى» دەپ جاۋاپ بەردى. بىراۋ بولسا «تاۋۇس پەيلىرى» دېدى. يەنە بىراۋ بولسا «شاھىدىن يۇمشاق يەنە نېمە بولسۇن» دېدى. بۇ چاغدا ئۇ يىگىت ساراي تۆپىسىدە تۇرغان ئىدى. ئۇ مۇلازىملارنىڭ جاۋابلىرىدىن نۇشىرۋاننىڭ كۆڭلى قانائەت تاپمىغىنىنى كۆرۈپ، سۆزلەشكە ئىجازەت سورىدى. ئىجازەت بولغاندىن كېيىن دېدى: «ئەڭ يۇمشاق نەرسە تىچلىقتۇر». نۇشىرۋان ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتتى ۋە يەنە: «ئەڭ ياخشى ئۇۋقەت قايسىدۇر؟» دەپ سورىدى يىگىت: «شەھۋانى ھېسسىياتنى ئاشۇرمايدىغان ۋە تەندە ئىللەت قوزغاتمايدىغان ئۇۋقەت ئەڭ ياخشى ئۇۋقەتتۇر» دەپ جاۋاپ بەردى. يەنە سورىدى: «گۈللەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ شىرىن ھىد چاچىدىغان گۈل قايسى؟» يىگىت: «ئاتا ـ ئانا تىرىكلىكىدە ئۇلارنى خۇرسەنت قىلىدىغان، ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ نامىنى باقلاشتۇرىدىغان ھايات گۈلى بولمىش پەرزەنت!» دەپ جاۋاپ بەردى.

نۇشىرۋان يىگىتنى تەقدىرلىدى ۋە ئۆز ھاكىملىرى قاتارىغا قوشتى.

بېيىت:

دەنا ناچارلىقتا قالسا ھەم بىر كۈن،
ئۈمىدى ھاسىلىدىن كۆرسىتەر نىشان.
مۇشۇكنى كۆر لىباسقا بىكىتىلسە ھەم،
ھىد ساچىپ ئۆزىنى قىلۇر نامايان!

— مۇھەممەدىن جوۋەينى

# «ھۈسەينىيە مەكتىپى» ۋە نەشرىياتچىلىق

تۇرسۇنجان ئابدۇلجان، ئىمىنجان سەيدىن

مائارىپ تارىخىمىزدىكى شانلىق يېڭى قەدەم — ئۇيغۇر يېڭىچە مەكتەپ مائارىپى ئەينى چاغدىكى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كونا شەھەر ناھىيىسى ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسى ئىكساق كەنتىدىكى «ھۈسەينىيە مەكتىپى»دىن باشلىنىپ، ئۇنىڭ تەسىرى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا كېڭىيىپ، مەرىپەت ئۇرۇقى نادانلىق دەستىدىن جاھالەت ئىسكەنجىسىدە قالغان مەزلۇم خەلقنىڭ قەلبىگە چېچىلىشقا باشلىدى. «ھۈسەينىيە مەكتىپى» نىڭ قۇرۇلۇشى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ھاياتىدىكى زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش بولۇپ، بۇ ئۇلۇغۋار ئىشقا ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر زات مۇسا بايوۋنىڭ ئوغۇللىرى ھۈسەنباي ھاجى ۋە باھائىددىن بايلارنىڭ تۆھپىسى غايەت زور بولدى.

«ھۈسەينىيە مەكتىپى» قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىستانبول، قازان، تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلەردە نەشر قىلىنغان ۋە شۇ يەرلەردىكى مەكتەپلەردە دەرسلىك قىلىنغان كىتابلار، شۇنداقلا ئۆز مەدرىسلىرىمىزدە ئۆتۈلگەن بىر قىسىم ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى بولغان دەرسلىكلەرمۇ تاللاپ ئۆتۈلدى. لېكىن بۇ دەرسلىك ماتېرىياللار دەۋرنىڭ تەلىپى، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كېتەلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلغار ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا، مىللەتنىڭ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولغان، يەرلىك ئالاھىدىلىك ئەكس ئەتكەن دەرسلىك ماتېرىياللارغا ئېھتىياج تۇغۇلدى. شۇ دەۋرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، قەشقەر ۋىلايىتى قاتارلىق ئورۇنلاردا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان مىللەتپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر زاتلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق خەلق سۆيەر، ئىلىمپەرۋەر بايلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغان ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇزۇن يىللىق قالاق فېئوداللىق ئىدىيە مىللەت ۋۇجۇدىغا كانىدەك چاپلاشقان بولغاچقا، ستەمكار ھۆكۈمرانلار، مىللەتنى زاۋاللىققا يۈزلەندۈرۈش مەقسىدىدىكى مۇتەئەسسىپ كۈچلەر ئاقارتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار، ئىلغار ئىدىيىدىكى ئىلىم خۇمارلارغا ئەسەبىيلەرچە قارشىلىق كۆرسىتىپ، ھەر خىل ۋاستە ئارقىلىق جاماھەت پىكرى توپلاش، ئوقۇتقۇچىلارغا جىنايى بۆھتانلارنى چاپلاش، ئۇلارنى تۇپلىشىپ ئۇرۇش ھەتتاكى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشتەك قەبىھ ئۇسۇللارنى قوللىنىۋاتاتتى. مەرىپەت بىلەن جاھالەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇشۇنداق كۈرەش كەسكىنلەشكەن، يېڭىچە مەدەنىيەت ۋە مائارىپ قارشىنى خەلق دەرمەھەل قوبۇل قىلىپ كېتەلمەيۋاتقان تارىخىي شارائىتتا، نادانلىقنىڭ ئاسارىتىدە قالغان بۇ بەختسىز مىللەتنى قۇتۇلدۇرۇش، ئويغىتىش ئۈچۈن تەشۋىقات ۋە تەرغىبات ئېلىپ بېرىش ئېھتىياجىمۇ تۇغۇلغان ئىدى.

مانا مۇشۇنداق زۆرۈرىيەتلەر تۈپەيلىدىن ئاكا ـ ئۇكا مۇسا بايوۋلار 1890 ـ يىللىرى چەت ئەلدىن تېخنىكىلىق ئۆلچىمى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان «مەتبەئىي خۇرشىد، مەتەللى نۇرى» (قۇياش مەتبەئەسى، نۇرمەنبەسى) ناملىق تاش مەتبەئەنى كىرگۈزدى ۋە ئۇنى شۇ دەۋرنىڭ ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر، شائىرلىرىدىن ھۈسەينخان تەجەللى بىلەن قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ ئىشلىتىشىگە بېرىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر

نەشرىياتچىلىقىغا ئاساس سالدى.

باھائىدىن باي ئۆزىنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن مائارىپ تەشكىللاتچىلىقى بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماستىن، ئۆز ئەتراپىدىكى ۋە باشقا ئورۇنلاردىكى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان، جۈملىدىن ئابدۇقادىر داموللا، مۇسەيىنخان تەجەللى، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى . . . . . . قاتارلىق بىلىم ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلار بىلەن دائىم سىردىشىپ تۇرغان ھەمدە تەجەللى ۋە قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ مەتبەئەنى ئىشقا كىرىشتۈرۈشى ئۈچۈن ئىقتىسادىي ياردەم بەرگەن.

بۇ مەتبەئەدە ئاتاقلىق شائىر، تىۋىپ، نەشرىياتچى تەجەللى (1850—1930) نىڭ «بەرقى تەجەللى، سەبقى مۇجەللى» (چاقماق نۇرى، مۇسابىقىدە ئوتتۇپ چىققۇچى) ناملىق لىرىك شېئىرلار توپلىمى 1897 - يىلى نەشر قىلىنىپ مىڭ نۇسخا بېسىلىپ تارقىتىلغان. بۇ توپلامغا شائىرنىڭ ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە، پارسچە يازغان 17 پارچە قەسىدە، 31 پارچە مۇسەددەس، 15 پارچە مەرسىيە خىل تېمىلاردىكى ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن. شائىرنىڭ بۇ توپلىمى ئەينى چاغدا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مەكتەپلەردە، مەدرىسىلەردە يۇقىرى سەۋىيىلىك تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكى قىلىپ قوللىنىلغان. ئۇ پارسچە يازغان بىر قەسىدىسىدە: «ھەبىب ئەجەم مازىرى» ۋە ئۇنىڭ يېنىغا تەسىس قىلىنغان «ھۆسەينىيە مەكتىپى» نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى، ھەمدە بۇ ئىككى بىنانىڭ قۇرۇلۇشىدا مەردلىك كۆرسەتكەن مۇسا ھاجىم (مۇسا بايوۋ) ۋە ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بىلەن بۇ قۇرۇلۇشقا بەل باغلىغان ئوغۇللىرى ھۆسەيىنباي ھاجى ۋە باھائىدىنبايلارنى ئىنتايىن يۈكسەك بەدىئىي تىل بىلەن مەدھىيىلىگەن.

XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقى ساھەسىدىكى تۆھپىسى بىلەن خەلق ئىچىدە زور تەسىر پەيدا قىلغان مەدەنىيەت تەرغىباتچىسىنىڭ بىرى قۇتلۇق ھاجى شەۋقى (1876—1937) دۇر. ئۇ بالىلىق دەۋرىدە قەشقەردىكى مەدرىسىلەردە ئوقۇپ، كېيىن مىسىر، تۈركىيە، بۇخارا قاتارلىق شەھەرلەردىكى داڭلىق بىلىم يۇرتلىرىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن. تۈركىيىدە مۇستاپا كامال باشچىلىقىدىكى جەدىتچىلىك (ئىسلاھاتچىلىق) ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن باھائىدىنباينىڭ تەكلىپى بىلەن «مەتبەئى خۇرشىد، مەتەللى نۇرى» مەتبەئەسىدە مۇھەررىرلىك قىلغان.

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى مۇھەررىرلىكىدىكى «ئاڭ گېزىتى» باھائىدىنباينىڭ ئىقتىسادىي غەمخورلۇقىدا 1910 - يىلى قەشقەردە دۇنياغا كەلدى. ئۇ گېزىت مەرىپەت دۈشمەنلىرى بىلەن تىغمۇ - تىغ ئېلىشىدىغان كۈرەش مۇنبىرىگە ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن قۇتلۇق شەۋقى مۇھەررىرلىكىدىكى «ئاڭ گېزىتى» ۋە ئۇنىڭ يالقۇنلۇق خىتابى غەپلەتتە قالغان شىنجاڭ دىيارىنى زىل - زىلىگە سالدى. بىراق بۇ گېزىت مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قارشىلىقى ۋە بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇزۇن داۋاملاشماي نەشردىن توختىدى.

مەتبەئە ۋە نەشرىياتچىلىقنىڭ تەرەققىياتىمىزدا تۇتقان ئورنىنى تونۇپ يەتكەن قۇتلۇق ھاجى شەۋقى 1933 - يىلى 7 - ئايدا «ئەركىن ھايات گېزىتى» نى نەشر قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن 1934 - يىلى 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن باشلاپ «يېڭى ھايات گېزىتى» نى نەشر قىلدى.

دېمەك، يۇقىرىقى ئىككى شائىر بۇ مەتبەئەدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى، بېسىم، جاھالەتكە قارشى كۈچلۈك ئىسيانىنى، ئادالەت - ھەققانىيەتكە بولغان تەلپۈنۈشىنى جاراڭلاتتى. خەلق ئاممىسىغا قۇللۇق، خار - زەبۇنلۇقنىڭ مەنبەسىنى كۆرسىتىپ

بەردى، ھەمدە ئويغىنىشقا، ئۆز ئەركىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەشكە چاقىردى.

مەتبەئەدە خوراپىلىق، نادانلىققا قارشى كۈچلۈك ئىسيان ۋە كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىد ـ ئىشەنچ بىلەن تولغان ئەدەبىي ئەسەرلەر بېسىلىپلا قالماستىن، بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئوقۇشلۇق، پېداگوگىكىلىق ئەسەرلەر بېسىلىپ ئۇيغۇر يېڭىچە مەكتەپ مائارىپىنىڭ دەرسلىك ماتېرىياللار يېتىشمەسلىكتەك جىددىي ئېھتىياجىنى قاندۇردى. بۇ ساھەدە ۋەتەنپەرۋەر ۋە مىللەتپەرۋەر ئۇلۇغ ئالىم ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇۋارىس قەشقەرى (1862 — 1924) نىڭ تۆھپىسى ئىنتايىن زور بولدى. ئۇ ئوقۇتۇشنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلى، دەرسلىك ماتېرىيال قاتارلىق تەرەپلەردە خەلقنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، مىللىي باراۋەرلىك، مىللىي ئىستىقلاللىق، ئىلىم مەرىپەتتىن ئىبارەت دېموكراتىك شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە بىر يۈرۈش ئىلمىي قىممىتى زور بولغان دەرسلىك ماتېرىياللارنى تۈزۈپ چىقتى. ئۇنىڭ «بىدايىتۇ سەرپ» (باشلانغۇچ سەرپ ـ مورفولوگىيە)، «ئىلمىي نەھۋى» (نەھۋى ئىلىملىرى ـ سىنتاكسىس) دىن ئىبارەت ئىككى پارچە ئەسىرىنى قەشقەرنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىرىدىن پولاتباي ھاجى ئوغلى ۋەلىخان ئاكا بىلەن نورۇز ھاجىمنىڭ ئوغلى ئەلى ھاجىلار 1912 ـ يىلى قازان شەھىرى «مىللەت مەتبەئەسى» دە ئۆز خىراجىتى بىلەن باستۇرغان. «مىفتاھۇل ئەدەب» (ئەدەبىيات ئاچقۇچى) ناملىق مەجمۇئە 1910 ـ يىلى تاشكەنت «غۇلامىيە» مەتبەئەسىدە نەشر قىلىنغان. مەكتەپلەردە ھېساب دەرسلىك كىتابى بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن «تەسھىلۇل ھېساب» كىتابىنى يېزىپ چىقتى. بۇ ئەسەرنى ئىلىمپەرۋەر زاتلاردىن ئابدۇرېھىم ئاخۇن مەھمۇد ئوغلى 1912 ـ يىلى قازان «مىللەت مەتبەئەسى» دە ئۆز خىراجىتى بىلەن باستۇرغان. يەنە ئۇلۇغ ئالىمنىڭ «ئاقائىد زۆرۈرىيە» (زۆرۈر ئەقىدىلەر) ناملىق ئەسىرىنى قەشقەرنىڭ بايلىرىدىن ئاخۇنبايوۋ، تۇردى ھاجىم، مەھمۇد رەھىم بايدىن ئىبارەت ئاكا ـ ئۇكىلار 1912 ـ يىلى يۇقىرىقى مەتبەئەدە ئۆز خىراجىتى بىلەن نەشر قىلدۇرغان. ئۇندىن باشقا «ئىلمى تەجۋىد» (قىرائەت)، «ئاقائىد جەۋھەرىيە» (ئەقىدىلەر جەۋھەرلىرى)، «فاسايھۇل ئەتپال» (ياش ئۆسمۈرلەرگە نەسىھەت)، «نەسىھەتى ئاممە» (ئاممىغا نەسىھەت) قاتارلىق ئەسەرلىرى «مەتبەئى خۇرشىد، مەتەللى نۇرى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى، بۇ كىتابلار ئوقۇش ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئاددىي، ئاسان قىلغان، ئۆز مىللىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماسلاشقان، تەرەققىياتنىڭ قەدىمىگە ئويغۇنلاشقان بولۇپ، مەكتەپلەرنى دەرسلىك قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلدۇردى.

شۇ دەۋردە شۋېد مىسسىيونېرلىرى (دىن تارقاتقۇچىلىرى) ئۇيغۇرچە مىق مەتبەئە ئەكەلدۇرۇپ، رىسالىلارنى بېسىپ، ھەقسىز تارقىتىپ، ياش ئۆسمۈرلەرنى ئالداپ، ئۆز ئېتىقادىدىن، ئۆز مىللىتىدىن تاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ دىنىي تەشۋىقاتىنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق رەزىل ئىدىيىسىنى تاڭماقچى بولۇۋاتقان ئىدى. بۇ مەرىپەتپەرۋەرلەر ئۇلارنىڭ غالجىرانە قىلمىشلىرىغا قارشى كۈچلۈك كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، ئاممىنى قوزغاپ «شۋېد مىسسىيونېرلىرى مەتبەئەسى» نى پاچاقلاپ تاشلاپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى نامايان قىلدى.

مىللەتنى ئويغىتىش، خەلقنى ئاقارتىش ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان تۇرسۇن ئەپەندى (1886 — 1937) ئىكساق «ھۆسەينىيە مەكتىپى» دە ئوقۇغان ۋە بۇ مەكتەپتە 23 يىل مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن مەشھۇر پېداگوك. ئۇنىڭ «ئۇسۇل تەدرىسى» ناملىق پېداگوگىكىلىق رىسالىسى «مەتبەئى خۇرشىد، مەتەللى نۇرى» مەتبەئەسىدە بېسىلىپ، ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن زۆرۈر ئوقۇشلۇق بولۇپ قالدى، ھەمدە «ھەبىب

www.uyghurkitap.com



زادە دارىلمۇئەللىمىن»دە دەرسلىك قىلىپ قوللىنىلدى.

بۇ مەتبەئەدە 1928 - يىلى «ئىلىم جۇغرافىيا» (دۇنيا جۇغراپىيىسى) ① دەرسلىك كىتابى نەشر قىلىندى. بۇ كىتاب شۇ دەۋردىكى مەكتەپلەردە دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلدى. بۇ كىتاب قاتتىق مۇقاۋىلىق 205 بەتلىك كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭ باش قىسمىدا جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇلارغا ئىزاھ بېرىلگەن. ئۇنىڭغا ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقا، ئاۋستىرالىيە، جەنۇبىي ئامېرىكا، شىمالىي ئامېرىكا قاتارلىق قىتئەلەردىكى 89 دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، 1928 - يىل يىل بېشىدىكى نوپۇسى، شەھەرلىرى، ئىقلىمى، دېڭىز - كۆللىرى، تاغ - دەريالىرى، كان بايلىقلىرى، مىللەتلىرى، ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان زىرائەتلىرى، ھۈنەر - كەسىپلىرى تونۇشتۇرۇلغان. كىتابقا يەنە 46 پارچە فوتو سۈرەت كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ سۈرەتلەرنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى، يۈكسەك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. بۇ كىتابنىڭ ئاخىرىقى قىسمىغا ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ (مۇستەملىكە دۆلەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) يەر مەيدانى، نوپۇسى، ئېگىز تاغ چوققىلىرى، دۇنيادىكى چوڭراق دەريالار، كۆللەر، ئاراللار جەدۋەللەشتۈرۈلگەن.

بۇ كىتابنىڭ ئالاھىدە نەزەرگە ئېلىشقا ئەرزىيدىغان يېرى شۇكى، ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى بىر قەدەر تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى چوڭراق بولغان 36 شەھەرنىڭ، شىنجاڭدىكى 41 شەھەر (ناھىيە) نىڭ 1928 - يىل يىل بېشىدىكى شەھەر ئىچىدىكى نوپۇسى جەدۋەللەشتۈرۈلگەن. ئومۇمەن، مۇسا بايۇۋلار جەمەتى، جۈملىدىن ئاكا - ئۇكا مۇسا بايۇۋلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مائارىپ، تەنتەربىيە، سەھنە، سەنئەت، سودا - سانائەت، كارخانا، رەسساملىق، مەتبەئە، نەشرىياتچىلىق . . . . . . ساھەلىرىنىڭ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىش، ئازلىقتىن زورىيىش ئىشلىرىغا ئىنتايىن قىممەتلىك تۆھپە قوشقان.

دېمەك، «مەتبەئى خۇرشىد، مەتەللى نۇرى» مەتبەئەسى ۋە «ئاڭ گېزىتى» شىنجاڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى تۇنجى تەسىس قىلىنغان مەتبەئە ۋە گېزىتتۇر.

---

كىمكى ياشلىقىدا ئىلىم ئۆگەنمىسە، قېرىغاندا ھۆرمەت تاپالمايدۇ.

— مۇھەممەت زېھنىي

---

بىز ئەنئەنىۋى ئېتىقادىمىزدىن يۈز ئۆرۈمەسلىك ئاساسىدا يېڭى ئېتىقاد قىلىدىكەنمىز، مېڭىدىكى يوشۇرۇن كۈچ (ئەقىل) گە ئىشىنىشىمىز كېرەك. يەر شارىدا ياشاش ھەقىقىمىزنى ئەنە شۇ قۇدرەتلىك ئەقىل ئارقىلىق تالىشىشىمىز، مىللىي ئىززەتنى ساقلاش بەيگىسىدە ئالدىغا كىرىۋالغان خەلقلەرنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، مېڭىمىزدىكى ئۇخلاۋاتقان چەكسىز قۇدرەتنى زامان تەلىپىدە جارى قىلدۇرۇشنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىدە چاپلىنىدەك جىددىي ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك.

«ئەقىل - پەزىلەت» دىن

# مىللىي نەشرىياتچىلىق ۋە ئىجادىيەت

ئابدىرېشىت ئابدىراخمان

مىللىي نەشرىياتچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بىز ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ۋە بۇ يەرنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى نەزەردە تۇتىمىز. 40 - يىللاردىن 90 - يىللارغىچە مىللىي نەشرىياتچىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىچىدە قۇرۇلغان نەشرىيات ئوندىن ئېشىپ، ئۇيغۇر، قازاق، مۇڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تىلىدا نەشر قىلىنىۋاتقان گېزىت - ژۇرناللار سان جەھەتتىن خېلى سالماقنى ئىگىلىدى. ھازىرقى كۈندە، مىللىي نەشرىياتچىلىق ئەشۇ سان تەرەققىياتى بىلەن چەكلىنەمدۇ ياكى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭقۇرراق مەزمۇندار تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلامدۇ؟ مېنىڭچە بۇ نەشرىيات ۋە گېزىت - ژۇرنال ئەپكارىدا ھەل قىلىنىۋېلىشقا تېگىشلىك زور مەسىلە. مەن مىللىي نەشرىياتچىلىق ساندىنمۇ مۇھىمى شۇ مىللەتنىڭ يېڭى دەۋر ھاياتىدا قولغا كەلتۈرگەن ئىلمىي ئۇتۇقلىرىنى دۇنياۋى ئىلىم - پەن مۇنبىرىگە لايىق سەۋىيە بىلەن ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەزمۇندار بىر نىشانغا يېتىشنى كۆزلەپ تەرەققىي قىلىپ ماڭىدۇ، دېگەن قاراشتىكى بىر ئادەممەن.

بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، مىللىي نەشرىياتچىلىق دېگەن ئالدى بىلەن دەۋر شارائىتى بويىچە شۇ مىللەتنى دۇنيانىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان مىللەتلىرىگە يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن تەشكىلاتچىلىق قىلىش ۋە ئىجاد قىلىش دېگەن گەپ بولۇپ، بىزنىڭ جۇڭگو لۇغەتلىرىدە ۋە جۇڭگودىن باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي پەن لۇغەتلىرىدە بۇ ئاتالغۇغا قانداق تەبىر بېرىلگەنلىكىدىن قەتئىي نەزەر بۇ خىزمەتنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرىدىن مىللىي نەشرىياتچىلىق شۇنداق تەرىپلىنىدۇ ۋە شۇ مىللەتلەر ياشاۋاتقان ئەللەرنىڭ ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا شۇ مىللەتلەرنى كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولىدىغان بەختكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن يۇقىرىدىكى ۋەزىيەتنى ئۆتەيدۇ. بۇنداق ئىكەن، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىدىمۇ ئەلۋەتتە ئۆزى تۇرۇۋاتقان جۇڭگودىن ئىبارەت بىر دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك سىياسەت، يۆنىلىشلىرى بويىچە دۇنيانىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات يۆنىلىشى ۋە سۈرئىتىنى كۆزلەپ تەشكىللەش ۋە ئىجاد قىلىش، تەشكىللىگەندىمۇ ئىجاد قىلىشنى بايراق قىلىپ ئىلگىرىلەش كېرەك بولىدۇ. ئەلۋەتتە.

ئالايلۇق ھازىر بىزلەر 21 - ئەسىر جۇڭگولۇقلارنىڭ بولىدۇ دەيدۇ، بىزمۇ شۇنداق بولۇشنى ئارزۇ قىلىمىز، ئەمما، بۇنداق ئۈستۈنلۈكنىڭ دەسمىسى نېمە؟ بۇرۇنقى دۇنيادا يىللارنىڭ، ئەسىرلەرنىڭ ئىختىيارىنى ئىگىلىگەنلەر قورال قوشۇن ۋە يۈكسەك سىياسىي تاكتىكىغا تايانغان ئىدى. بۇنداق قەۋملەرنىڭ بەزىلىرى ئۆز دەۋر ئېتىبارىدا «ئاللانىڭ قامچىسى» «تەڭرىنىڭ ئوغلى» دېگەندەك ئاتاقلارنى ئالغان بولسىمۇ، كېيىنكى كۈنلەردە يىللار، ئەسىرلەرنىڭ ئىختىيارىنى ئۆزىگە قارىتىپ دەۋران سۈرۈشنىڭ دەسمىسىنى يوقۇتۇپ قويغانلىقتىن كۆلى كۆككە سورۇلدى. ھازىرقى جۇڭگونىڭ بۇنداق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىشىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەنگۈشتىرى بولغان قورال قوشۇن ۋە سىياسىي تاكتىكا تەل بولۇپلا قالماستىن، ھەتتا كۆپ ئەللەردىن كۈچلۈك. شۇنداق بولۇشقا قارىماي جۇڭگو ئىقتىسادىي جەھەتتە يەنە ئارقىدا، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ مېنىڭچە، ھازىرقى كۈندە، ئەسىرلەر تىزگىنىنى ئىختىيارىغا ئېلىش ۋە قالاقلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ دەسمايىسى ئىجادىي روھ بولۇپ، بىزنىڭ ئارقىدا قېلىشىمىز دۇنيا مۇشۇ

www.uyghurkitap.com



روھ بويىچە 100 خىلدىن ئارتۇق ئۆلۈق ئىجادىيەت بىلەن يۈزلەپ ئالىملارنى نوبىل مۇكاپاتى سەھنىسىگە چىقارغان ئۆتكەن 100 يىلدا بىز ئالىملارنى خارلاپ قۇيرۇق ياكى باشقا ئىشلارغا بېرىلدۇق. ھازىرمۇ بىزنىڭ ئاھالىمىزنىڭ كۆپچىلىكى باشقىلار ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرمىسە ئىش قىلالمايدىغان، ئورۇنلاشتۇرغان ئىشلارنىمۇ خاتالىشىپ قالماي دەپ تەكرار دەڭسەپ قىلىدىغان ھالدا تۇرماقتا. بۇنداق ئادەملەر توپى يىراق - يىراق جايلاردىكى نوبىل مۇكاپاتى ئالغان ئالىملارنىڭ نامىنى ئاڭلاپ خۇشال بولغاندەك قىلسىمۇ، ئەتراپىدىكى ئىجادىي ئادەملەرگە رەشىك بىلەن قارىغانلىقتىن، بىزدە نوبىل مۇكاپات سەھنىسىگە تاكى بۈگۈنگىچە بىرمۇ جۇڭگولۇق چىقالمىدى. ناھايىتى كۆپ ئادەملەر تېخى تالانت دېگەننى جاڭگالدا ئۆسىدىغان گىياھقا ئوخشىتىپ، خوراپى مەدداھ ياكى بىر نەچچە سۈرە بىلىدىغان ۋاھىزدىن دۇئا ئېلىپ پۇل تۆلەيدۇ - يۇ، تالانت ئىگىلىرىنىڭ ئەمگىكىگە ھەق بېرىشنى بىلمەيدۇ. بۇنداق مۇھىت تۈزىتىلمەيدىكەن، جۇڭگودىكى مىللەتلەردىن ئۇ سەھنىگە ئادەم چىقالمايدۇ، جۇڭگو ئەڭ ئىلغار ئەللەر قاتارىغا ئۆتۈپ زامان تىزگىنىنى مەدەنىي خەلقلەردەك ئىگىلەپ ئالالمايدۇ. نەشرىياتچىلىق مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ يادروسى بولۇش سۈپىتى بىلەن جۇڭگونىڭ بۈگۈنى ۋە ئەتىسىگە خىزمەت قىلىدىكەن، ئەلۋەتتە مانا مۇشۇنداق ئالىملارنى چىقىرىش ئۈچۈن بىرىنچى جەڭگاھ بولۇپ ئىجادىي روھنى قوغداش، يېتىشتۈرۈش، ئۆستۈرۈش كېرەك. مىللىي نەشرىياتچىلىقمۇ بۇنىڭدىن چەتنىمەيدۇ، ئەلۋەتتە. بىز گەرچە ئاممىۋىلىق ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكنى ئەناس قىلسىمۇ، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىلىم دەرياسىدىكى دۇرۇدانىلەرنى ئالىملىق نۇقتىسىدىن ئاممىۋى يازالايدىغان ئالىملارنىڭ كىتاب يېزىشىنى تەكىتلەيدىكى، تەبىئەت، جەمئىيەت، روھىيەت، دۇنياسىنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنى بىلمەي تۇرۇپ توقۇيدىغان ساختىلىققا يول قويالمايدۇ. مەن بۇ مەسىلىگە پۈتكۈل بىر مىللەتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات تەلىپىدىن شۇنداق قارىدىم، ئەلۋەتتە. بۇ كەسىپنىڭ ئۆز ئىچىدە 30 يىل ئىشلىگەن ئالىي مۇھەررىر ئىسلامجان شېرىپ ئۆزىنىڭ «تەھرىرلىك - يازغۇچىلىق» دېگەن ئەسىرىدە، بۇ كەسىپ نۇقتىسىدىنمۇ مىللىي نەشرىياتچىلىقنى ئىجادىيەت ھەرىكىتى دەپ قارىغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«زامانىمىز ئومۇميۈزلۈك ئىجادىيەت دەۋرىگە قەدەم قويدى. بىزنىڭ تېخىچە تەبىئىي مەھسۇلاتلىرىمىزنى ماختاش بىلەن ئۆزىمىزنى ئەمەكلەپ يۈرۈشىمىزگە قارىماي، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى قول ھۈنەرۋەنلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەھسۇلاتلىرىنى كىشىلەرنىڭ پىسخىكىسىغا لايىقلاشتۇرۇپ پىششىقلاش يولى بىلەن رىقابەت بازىرىدا ئۆزىگە بوشلۇق ئىزدەۋاتقانلىقى بۇنىڭ دەلىلى. دۇنيانىڭ ئىلغار ئەللىرىدە، ھەتتا بىز داشۆلىرىمىزدىمۇ ئويلاپ كۆرمەۋاتقاندا، ئادەمنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى ئېچىش ۋە ئۇ قابىلىيەتنى تۇرمۇشنىڭ بارلىق ساھەلىرىنى بېزەكلەشكە ئىشلىتىشنى مەقسەت قىلغان ئىجادىيەتشۇناسلىقنىڭ ئومۇمىي خەلق مائارىپىنىڭ دەرسلىكىگە ئايلىنىپ، خەلقنىڭ ئىجادكارلىقىنى ئاشۇرۇشقا تەدبىقلىنىۋاتقانلىقى بۇنىڭغا تېخىمۇ تولۇق پاكىت. بىز مۇھەررىرلەر دەل مۇشۇنداق ئىجادىيەت دەۋرىدە تۇرۇپ خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت كۆلچىكىگە سۇ باشلاپ كەلگۈچى ۋە ئىجتىمائىي بەخت - سائادەتنىڭ ھۇل تېشى بولغان مائارىپقا ياردەملەشكۈچىلەرمىز. بىر دۆلەت، بىر مىللەت، ھەتتا دۇنيا، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىدا ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەشنىڭ توپ سەۋەبكارى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ۋاستىچىلىك قىلىدىغان كىتاب، ژۇرنال، گېزىت، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ئاڭنى يېتەكلىگۈچى بولغانلىقتىن، بىز مۇھەررىرلەر ھەممىدىن ئاۋۋال كىشىلەرگە ئەقىل - پاراسەت، كۈچ، قۇۋۋەت سوۋغا قىلىمىز. بۇنداق ئىكەن، بۇ مۇقەددەس مەجبۇرىيەتنى ئورۇنلاشنىڭ باش ھالقىسى نېمە؟

بىز بۇنىڭغا ئىجادىيلىق ياكى يازغۇچىلىق ماھارىتى دەپ جاۋاب بېرىمىز. چۈنكى، كىتاب، ژۇرنال ۋە رادىئو - تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتا مەسىلىنىڭ تۈگۈنى ئىجادىيەت بولۇپ، ئاپتورلار

بىلەن مۇھەررىرلەر ئىجادىيەت ۋەزىپىسىنى ئورتاق ئورۇندايدۇ. نەشرىياتچىلىقنىڭ بېشى يازغۇچىلىق بولسا، ئاخىرى مۇھەررىرلىك بولىدۇ. مۇھەررىر پەقەت ئۆزىنى ئىجادىيەت ئىچىگە قويغاندا، ئەقەللى بولغاندىمۇ ئىجادىيەتنىڭ ئورتاقلىقى ھەم چوڭ كاتېگورىيىلىرىدىكى ماھىيەتلىك قانۇنىيەتلەرنى بىلگەندىلا ئىجادىيەت ۋەزىپىسىنىڭ ئاخىرىنى ئويلاپ ئورۇندىيالايدۇ. بىراق، مەن كىتاب ژۇرنال نەشرىياتچىلىقى بىلەن ئۇزاق يىللار شۇغۇللىنىش جەريانىدا، يازغۇچى بىلەن بىرلىكتە ئىجادىيەت ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدىغان مۇھەررىرلەرنى كۆرۈپلا قالماستىن، بۇنداق ئەھۋالنىڭ تەھرىر بۆلۈملىرىدە سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەلگە ئايلىنىپ، يىرىشتىن ئايرىلغان يالقاۋ مۇھەررىرلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىگە ياكى نوقۇل تەرجىمە سېلىشتۇرىدىغانلارنىڭ تەرجىمە بىلەن جان ساقلاشنىڭ كويىدا خەلقىمىزنىڭ ئارىسىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقاۋاتقان بىلىملىك ئاپتورلارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى چەتكە قېقىشقا ئاساس ھازىرلاپ بېرىپ، مەدەنىيىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى غۇۋالاشتۇرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. مەدەنىيەت كېلەچىكىمىزنى تۈرلۈك مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئىلغار مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى بىلەن تولۇقلاش ناھايىتى زۆرۈر بولسىمۇ، خەلقىمىزنىڭ يۈرىكىدە جەزبىلىك تۈيغۇ قوزغايدىغان، مىللىي ئىدىيىللىقنى زامانغا لايىقلاشتۇرىدىغان يازارمەنلىرىمىز تېخىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرغانلىقتىن، تەھرىر بۆلۈملىرىدە تەھرىرلىك بىلەن يازغۇچىلىقنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ تاشلايدىغان بۇنداق سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللەرنى داۋالاش، تەھرىرلىكنى يازغۇچىلىك بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ ئىجادىيەت ۋەزىپىسىنى ئاپتورلار بىلەن بىرلىكتە ئورۇنلاشنىڭ شەرتى بولىدۇ، ئەلۋەتتە.»

دېمەك، مەيلى ئومۇمىي مىللىي تەرەققىيات ياكى نەشرىياتچىلىق كەسپىي نۇقتىسىدىن ئالغاندا، مىللىي نەشرىياتچىلىقتا ئىجادىي روھ ۋە ئىجادىي پائالىيەت ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. بىز مىللىي نەشرىياتچىلىقتا كۆپ كىتابلار چىقاردۇق. دۇنياغا خەلقلىرىمىزنىڭ ھەققى ھۆرمىتىنى تونۇتالايدىغا تەسىرلىك ئەسەرلەر ئاز بولدى، بۇنىڭ سەۋەبى بىزدە دۇنياۋى ئەسەرلەرنى يازىدىغان ئالىملارنىڭ زادى يوقلۇقى ئەمەس، بەلكى، نەشرىياتچىلىرىمىزدا ئەنە شۇنداق ئىجادىي روھنىڭ كەملىكى، ئىجادىي روھنى ئەسەرگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەيدىغان تەشكىلاتچى ئالىملار ۋە ئىجادىي روھقا باي ئاپتورلارنى يېتەكلەيدىغان تەھرىر ئالىملارنىڭ كەملىكىدۇر. بۇنداق بولمايدىكەن، بۇرۇن دۇنيادا زىلزىلە پەيدا قىلغان ۋە ھازىرغىچە دۇنياغا چىراق بولىۋاتقان ئالىملار چىققان يەردىن بۈگۈن نېمىشقىچە بەل تۇتۇشۇپ چېلىشىدىغان پالۋان يىگىتتەك تۆت ئالىم چىقمايدىكەن؟ مەن بۈگۈنگىچە بولغان تەشۋىقاتلاردا بۇرۇنقى ئالىملىرىمىزنى ماختىغان ماقالىلارنى يۈزلەپ كۆرسەممۇ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىلىرىنى مەلۇم ئىلمىي سىستېمىدا يېڭىچە شەرھلەپ مىللەتنىڭ بۈگۈنكى ھالىتىدە يېڭىچە ئالىملىق پەيدا قىلىدىغان يېتۈك ئەسەرلەرنى كۆرەلمەي تىت - تىت بولۇپ كەتتىم. راست ئەمەسمۇ، بىزنىڭ قاراخانىلار دەۋرىدە ئوتتۇرا ئەسىر تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلىرىگە ئاساس سالغان بوۋىلىرىمىز فارابى، ئىبنىسىنا، بىرۇنى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى ۋە چىڭگىز ئىستىلاسىدىن كېيىنكى ناۋايى، ئۇلۇقبەكلەرنىڭ ئەسەرلىرىگە قارايدىغان بولسام، بىز شۇ چاغدىكى ئۇلۇق ئىجادىيەتلەرنىڭ بىر مۇنچىسىدا توختاپ قالدۇق ھەتتا ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ تولۇق ئوقۇپ چىقالمىدۇق. بۇنداق توختاپ قېلىپمۇ ئۆزىنى تونىماسلىق ئېغىر بىخۇتلۇق، بىخۇتلۇق مەنىۋى ئۆلۈشتۇر. مىللىي نەشرىياتچىلىقتا جەزمەن بۇنداق بىخۇت، ئاجىز، بىزنى زامان تەلىپىدىن يىراقلاشتۇرىدىغان قاتمال تەرەپلەرنى تۈزىتىپ، مىللەتنى جۇڭگونىڭ تەرەققىيات نىشانىغا، دۇنياۋى ئىلىم - پەننىڭ غايىسىگە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىجادىي ئادەملەر ئىشلەش كېرەك. ئۇلار پۈتكۈل مىللەتكە ئاللا قانداق نەرسىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ سۇبيېكتىپ قاراش ۋە ئارزۇلىرى بويىچە تېڭىپ قويماستىن، مىللەتنى چۈشىنىپ تۇرۇپ مىللەتنىڭ تەرەققىيات غايىسىنى جۇڭگوغا، دۇنياغا ئەسەر قىلىپ يازىدىغان ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى نۇقتىلىق چىقىرىش، مىللەت پىسخىكىسىنى چۈشىنىدىغان ئاپتورلارنىڭ

ئەسەرلىرىنى جۇڭگوغا، دۇنياغا تونۇشتۇرۇش، بۇنداق ئۇلۇغ خىزمەت ئالدىدىكى يۇل يەرەس، مەنسەپپەرەس غوجىكودىلەرنىڭ تەرەققىياتىمىزنىڭ ئالدىنى توسۇۋاتقان خىيانەتچىلەر ئىكەنلىكىنى تونۇش، ئۆزى «بىلمەي تۇرۇپ ھەدىسىلا بۇ مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغۇل قىزلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرىگە خىيانەتكارلىق قىلىدىغان ھەسەتخورلارنى رەت قىلىش كېرەك. چۈنكى، ئىجادىي روھ، مۇستەقىل پىكىر بۇنداق غوجىكودىلىك ۋە ئىقتىدارسىزلىقنىڭ قارشى تەرىپىدىكى نەرسىدۇر.

توغرا، بىر ئىشنى قىلىشۋەرسە بىر قېلىپقا كىرىپ قېلىپ، ئىجادىي روھنى يوقۇتۇپ قويىدىغان، مەندەك مۇئەللىم بولغانلارنىڭ بەزىلىرى كىتابقا چوقۇنىدىغان «ئاخۇنۇم جىجىق» بولۇپ قالسا، مۇھەررىر بولغانلارنىڭ بەزىلىرىمۇ قېرىلىق يېتىپ ھەممىدەپ قالىدىغان ياكى ئۆزى بىلگەن كونا بىلىملەر بىلەن قېلىپبازلىق قىلىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. ئەمما، جاھاننىڭ تەرەققىياتى كان قېزىپ گۆھەر ئىزدەيدىغان، دېڭىزغا چۆشۈپ مەرۋايىت ئىزدەيدىغان ئىنجىلەمچى ئادەملەر بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان بولغاچقا، يەنىلا چوڭقۇر ئىزدىنىۋاتقان ئالىملىرىمىز ۋە ئالىمسۇپەت ياشلىرىمىزنىڭ كەلگۈسى كىلاسسىك ئەسەر بولۇپ قالىدىغان ئىجادىي تەپەككۇرلىرىنى قەدىرلەش مىللىي نەشرىياتچىلىقنىڭ جېنى بولىدۇ.

نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان، مىللىي نەشرىياتچىلىق سېپىدىكى بەزى ئادەملەر تالانت ۋە تالانت تۇپرىقىدىن ئۈسۈپ چىقىۋاتقان ئىجادىلىقنى ئاز ساندىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرگە مەنسۇپ قىلىۋېتىپ، كۆپ ساندىكى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرىنى ھەتتا ئۆزلىرىنىمۇ تالانت سىرتىدا قويىدى. ئەمەلىيەتتە ناملىرى مەنۇيەت، ئىشقى ـ مۇھەببەت تۇرمۇشىياكى كەسىپ، خىزمەت، ئۆگىنىش، سالامەتلىك جەھەتلەردە بولسۇن ھەممىسىدە ئىجادىي تالانت مۇھتاجلىقى ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش زۆرۈرىيىتى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىجادىي تالانت ھەممە ئادەمدە بولۇپ، ئۇنى قوزغاپ ئىشقا كىرىشتۈرۈش ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ نىگىزلىك پىشاگىدۇر. ھازىر بىزدىكى ئاددىي ئادەملەر ئىجادىي تالانت يېتىشتۈرۈش ئۈستىدە باش قاتۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، كەسپىي ئادەملەرمۇ ئىجادىي قابىلىيەتلىرىنى تار كەسىپلەر مۇھاسىرىسىگە ئېلىپ، ئېنژېنېرلار يېڭى مەھسۇلات لاھىيىلىگەندە ئۇنى ئىشقا سالسا، مۇئامىلە، ئالاقە، يېزىقچىلىق، ئائىلە تۇرمۇشلىرىدا ئىجادىيەتنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدىغان، سەنئەتكار سەھنەئەسەر سىرتىدىكى ئىشلاردا ئىجادىي بولۇپ، ئۇسسۇل ۋە ناخشىدىن سىرتتىكى ئىشلارنى ئويلىمايدىغان، قىسقىسى، كۆپلىگەن سىياسىي كادىرلار تەييار ئەندىزىلەر بىلەن ئىش قىلىشقا كۆنۈپ كەتكەندەك، ئاجايىپ تار ئويلايدىغان بولۇپ كەتتى. مىللىي نەشرىياتچىلىق مانا مۇشۇنداق بىر ئاجىز نۇقتىنى كۆچەيتىش ئۈچۈن ئىشلىشى لازىم.

چۈنكى جەمئىيەت تەرەققىياتى دېگەن باشقا بىر نەرسە ئەمەس، ئالدى بىلەن ئىقتىساد، مەدەنىيەت، تۇرمۇشنىڭ بارلىق تەرەپلىرىدە يېڭىلىق يارىتىش. بۇنىڭ ئۈچۈن مىللەتنىڭ ئۆز ئالدىغا ئويلاش ساپاسىنى، ئۆزىنىڭ ئادەملىك ھۆرمىتىگە لايىق ئىجاد قىلىش ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ مىللىي ئوبرازىنى يارىتىدىغان ئىجادكارلىقنى زامان تەلىپىدە قايتا نامايان قىلىش دېگەن گەپ. ئەگەر بىر مىللەتتە بۇنداق بىر ساپا بولمايدىكەن، ياكى شېئىرى مىللەت دەپ شېئىر يېزىپ ئۇسسۇل ئويناپ، دىنىي مىللەت دەپ ئىمانغا مەنسۇپ بولمىغان خۇراپىي نەرسىلەرگە قۇل بولۇپ يۈرىدىكەن، ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭماسلىق، قالاقلىق قالپىقىنى كەيمەسلىكتىن باشقا چارىسى بولمايدۇ. شۇنداق ئىكەن مىللىي

نەشرىياتچىلىق جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئىجادىي تالانتى يېتىشتۈرۈشنى باش ۋەزىپە قىلغان ھالدا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتتىن تېگىشلىك ياردەم سوراش، ئالدى بىلەن نەشرىيات سېپىدىكى ئىجادىي قابىلىيەتنى بوغۇپ تۇرغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك. ئەسەرلەردە بولسا ئىجادىي قابىلىيەتكە قارشى ئادەت تەسىرى، ئەگەشمىچىلىك پسخىكىسى، يېڭى تەسەۋۋۇرلارنى بوغۇش خاھىشى، ئاددىي بىلىمگە مەپتۇن بولۇپ ئولتۇرۇش ھادىسىسى، مەغلۇبىيەتنىڭ قورقۇش، شۈكرى دەپ قول قوشتۇرۇش، كاللا ئىشلىتىشكە ئېرىنچەكلىك قىلىش قاتارلىق يالغا ھەرىكەتلەر، ھەتتا مەدەنىيەت ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئادەمگە كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك قاتارلىقلارنى مىزان قىلىدىغان چاكىنا ئۆلچەم بىلەن مۇئامىلە قىلىشلارنى ئىلمىي يوسۇندا رەت قىلىپ، ئىجادىي قابىلىيەتنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلۇق كاللىسىنى تىك تۇتۇپ مۇستەقىل ئويلايدىغان زامانىۋى ئادەملەر ئاممىسىنى ئۇلغايتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك. قۇرۇقتىن - قۇرۇق، كۆز ئالدىدىكى خەلققە ئانچە ياغلانمايدىغان خىيال ۋە ھەرىكەتلەر مىللىي نەشرىياتچىلىق بىلەن مۇناسىۋەتسىزدۇر.

چۈنكى، «ئەگەر دەريادا دەسىپلا بولۇپ، ئۇنچە - مەرۋايىت بولمىسا، ئۇنىڭ سۈيى ئاچچىق بىلىنىدۇ؛ بوستانلاردا گۈزەل سەۋرى دەرىخى بولۇپ، ئۇنىڭ مېۋىسى بولمىسا، كىشىلەرگە ھېچقانچە پايدىسى يەتمەيدۇ؛ كۆكتىكى بۇلۇت يەرگە يېغىن تۆكمىسە، ئۇ قېلىن تۇتۇندىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ؛ چاقماقنىڭ ئۆزى ھەر قانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، بىر پەستىن كېيىن ئۇنىڭ نۇرىدىن قىلچە ئەسەر قالمايدۇ، ئەمما، ئۆچكەن ئوتنىڭ چوغى قالسا، ئۇنى ياندۇرۇش ئاسان بولىدۇ.»

بىز ھازىرقى دەۋر ئادەملىرى ئەزىم دەريالاردەك دولقۇنلاپ تۇرساقمۇ، ئەمما، بىر زاماندىن كېيىن يېنىپ ئۆچكەن ئوتقا ئوخشاپ قالىمىز. مىللىي نەشرىياتچىلىق يېتىشتۈرگەن ئەنە شۇنداق زىيالىلار ۋە ئۇلارنىڭ مىللىي خاسلىقتا ۋەكىل بولىدىغان كىلاسسىك ئەسەرلىرى، ھەمدە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ئەنە شۇ ئوتنىڭ چوغى بولۇپ، بۇنى كېلىچەك ئەۋلادىمىز ئۆزلىرىنىڭ دەۋرى ئېتىبارىدا ئاسانلا ياندۇرۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنى ئەبەدىل - ئەبەد ئۇلاپ ماڭالايدۇ. ئەگەر ھازىرقى كۈندە كىلاسسىك ئەسەرلىرىمىزنى رەتلەپ نەشر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش بولمىسا، ئۇلارغا يەنە ئۇنداق كىلاسسىك ئەسەرلەر قوشۇلۇپ بارمىسا، بىز ھازىر نەدە قانداق دەۋران سۈرەيلى، كەلگۈسى ئەۋلادىمىز ئالدىدا ئەشۇ ئۇلۇغ ئۇستاز ھەزرىتى ئەلشىر ناۋايى ئېيتقان گۆھەرسىز دەريا، مېۋىسىز دەرەخ، چوغسىز چاقماققا ئوخشاپ قالىمىز. بىز مانا مۇشۇنداق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يارىماس بىر ئەۋلاد بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن مىللىي نەشرىياتچىلىقتا ئىجادلىق يولىنى تاللىۋېلىش كېرەك. قايسى نەشرىياتچى ئەگەر ئۆزىنىڭ قۇتلۇق نامى ھازىرقى خەلقىمىز ئارىسىدا ياڭرىسۇن ۋە كېلىچەك ئەۋلاد ئارىسىدا مېۋىلىك دەرەخ، گۆھەر چاچرىتىدىغان دەريا، تەكرار يېنىپ تۇرىدىغان چوغلۇق ئوت كەبى ساقلىنىپ قالسۇن دېسە، ئالىم - يازارمەنلەرنىڭ پىكىرلىك ئەسەرلىرى ۋە لايىھىسىگە ئۆزىنىڭ پىكىرلىرىنى قوشۇپ كەلگۈسى كىلاسسىك ئەسەرلەرنى پۈتتۈرۈپ چىقىشى كېرەك.

# ئۇيغۇرلارنىڭ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

غەيرەتجان ئوسمان

## 1. سىياسى، ئىجتىمائىي ئەھۋال

مىلادى 1759 - يىلى خىلى يىللار پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلىۋاتقان چوڭ - كىچىك خوجىلار مەغلۇپ قىلىندى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدا تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكى دۆلىتىمىز تارىخىدا مۇھىم بىر ئىش بولدى. شىنجاڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك بۇ دۆلەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن جۇڭغارلار ۋە خوجىلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن سىلىقلارنى يەڭگىللەتتى. بۇرۇنقى بەگلىك تۈزۈمىنىڭ ئىللەتلىرىنى تۈگەتتى. دىنىنىڭ يەرلىك ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىنى چەكلەپ، ئۇيغۇرلار رايونىدا بىر مۇنچە يېڭى سىياسەتلەرنى قوللاندى. ئاۋۋال بەگلىك تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىندى. ئىسلاھاتنىڭ يادروسى ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھوقۇقىنى تارقاقلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئاتىدىن بالىغا مىراس قىلىش تۈزۈمى ۋەزىپىگە تەيىنلەش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. شۇنداقلا بەگلەرنىڭ تەمىناتى، مائاش ئېلىش چارىسى بەلگىلەندى. ئۇلارنىڭ پۇخرالارنى چەكسىز قاقتى - سوقتى قىلىشىغا ئىمكانقەدەر چەك قويۇلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا باج - خىراجىتىنى يەڭگىللىتىش توغرىسىدا بەزى سىياسەتلەرنىمۇ قوللاندى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋەشىمالىدىكى رايونلارغا ئۇزاققىچە مۇقىم ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭدا ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمىنى يولغا قويدى. 1762 - يىلى «ئىلى قاتارلىق جايلارنىڭ ئىشلىرىنى بىر تۇتاش ئىدارە قىلىدىغان جاڭ جۈن» بەلگىلەپ، ئۇنى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئالىي ئەمەلدار سۈپىتىدە ئىلىدىكى كۆرە قەلئەسىدە تۇرغۇزدى. ئۈرۈمچىدە ئۈرۈمچى رايونىنى باشقۇرىدىغان «زەڭگى» تۇرغۇزدى. ئىلى، تارباغاتاي، كاشغەر رايونلىرىدا «مەسلىھەتچى ئامبال»لارنى تۇرغۇزۇپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى شەھەر - رايونلارنى تىزگىنلىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمىگە ئاساسىي جەھەتتىن تەگمەي، نەسەبىي بەگلىك تۈزۈمىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش تۈزۈمىگىلا ئۆزگەرتىپ قويدى. شۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭدا ئۆلكە تۈزۈمى يولغا قويۇلغانغا قەدەر، يەككە دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان فېئودال خوجىلىق تۈزۈمى - ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى بولۇپ كەلدى. بۇ تۈزۈم بويىچە، جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورگىنى ھەر دەرىجىلىك چوڭ - كىچىك بەگلەردىن تەركىب تاپاتتى. ①

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىللاردا شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتى بەلگىلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. ئۇيغۇرلار بۇ چاغدا ئاساسەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىللىشى بىلەن يەنە بوز يەر ئېچىش، سۇ ئىنشائاتى ئېلىپ بېرىش، يول ياساش، شەھەر سېپىلى ۋە چېگرا مۇداپىئە قورغانلىرىنى ياساش، كان قېزىش

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»

قاتارلىقلار بىلەنمۇ مەشغۇل بولاتتى. بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىمۇ خېلى ئاشتى. تەرەپ - تەرەپكە تۇتاشقان يېزا - بازارلار، شەھەرلەر ئاۋاتلاشتى. مەدرىس - مەكتەپلەر جانلاندى. خەلقنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆستى. جەمئىيەتنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا مۇكەممەللەشتى.

چاڭ سۇلالىسى بىر فېئوداللىق ھاكىمىيەت، ئۇ يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەك، ئەزگۈچى سىنىپنىڭ ئىرادىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي سىياسىي ۋەزىيىتىدە نىسپىي مۇقىملىق ئورنىتىپ، ۋەتەننى كەڭ كۆلەمدە بىرلىككە كەلتۈرۈشى ئومۇمىي نۇقتىدىن غايەت زور ئىلگىرىلەش، تارىخ ئېقىمىنىڭ يۈزلىنىشىگە ماسلاشقانلىق. ئەمما، چاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدىكى كەڭ مېھنەتكەش ئۇيغۇر خەلقى ئومۇمىيۈزلۈك ئەركىنلىك، ھۆرلۈككە ئېرىشكەن ئەمەس. چاڭ ھۆكۈمىتى زاۋاللىققا يۈز تۇتتۇۋاتقان، ئەمەلدارلار چىرىكلىشىپ كەتكەنلىكتىن، خەلق ئاممىسىدا ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ دەھشەتلىك ئېزىشى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا قارشى بىر خىل كەيپىيات كۈچلۈك ئىدى. شۇنداق قىلىپ، چاڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى ۋە ھەر قايسى باسقۇچلىرىدا ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مىللەت خەلقىنىڭ خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆكتەملىكى، يەرلىك ھاكىمبەگلەرنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقى ۋە چاڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە قارشى خەلق قوزغىلاڭلىرى ئۈزلۈكسىز بولۇپ تۇردى. ئەمگەكچى خەلقنىڭ مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇمغا قارشى كۈچلۈك ھېسسىياتىدىن پايدىلانغان بىر قىسىم خوجا ئەۋلادلىرى ۋە دىنىي ئىمتىياز ئىگىلىرى، خەلق ئىنقىلابىنى كۆپ ھاللاردا تۈيۈق يولغا باشلاپ قويغان بولسىمۇ، ئەمما، خەلق باشلىغان «ئىنقىلاب تارىخنىڭ پاراۋۇزى» (ماركس) بولۇشتەك شەرەپلىك ئورنى ئۆزىنىڭ ئەھمىيىتى بىلەن قەدىرلىنىپ تۇردى.

دېمەك، چاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتى مەيلى قانداق بولمىسۇن، شۇ يىللاردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىجتىمائىي تۇپراق ۋە مەنىۋى مۇھىت بولۇش سۈپىتىدە يېتەرلىك بايان قىلىنىشقا تېگىشلىك.

## 2. چاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە شەكىللىنىشى

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يەركەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىلا ئاپپاق خوجا باشچىلىقىدىكى سوپى - ئىشانلىق ئېقىمىنىڭ بېسىمى ئاستىدا سۇلغۇن ھالەتكە گىرىپتار بولغان ئىدى.

ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھۆكۈمران كۈچلىرىگە ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇلار باشقۇرۇپ تۇرغان كەڭ رايونلاردا مەدەنىيەتكە، ھەتتا ئىسلام دىنىي ئىدىيىلىرىگىمۇ خىلاپ بولغان ئىشانلىق سۇلۇكلىرى يامراپ، ئۇيغۇر ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيىتىدە ئەڭ جاھالەتلىك، زۇلمەتلىك، ئەڭ تەرسا، مۇتەئەسسىپ خوجىلار ئىدىئولوگىيىسى ھۆكۈمرانلىق ئورۇنغا چىقتى. بۇ مەزگىل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ناۋائى ۋەكىللىكىدىكى ئىنسانپەرۋەر ھەم تەرەققىيپەرۋەر يۆلۈنۈش ۋە ئۇتۇقلىرىدىن مىسلىسىز نابۇت بولغان يىللار بولدى. بابا رەھىم مەشرەپ، زەلىلى، ئابدۇللا خاراباتى ئەسەرلىرىدە ئىلگىرى سۈرۈلگەن دەرتمەن نالە ۋە تەركىي دۇنيا خاراكتېرىنى ئالغان ئىنسانپەرۋەرلىك قاراشلار دەل ئۇنىڭ مەجازى شىكايىتى بولدى. ئەگەر بىر قەدەر ئوچۇق - ئاشكارە شەكىلدە بۇ خىل تارىخىي چېكىنىشكە خاتىمە بېرىپ، ئىنسانپەرۋەرلىك پرىنسىپلىرىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كىلاسسىك پرىنسىپى قىلىشقا ئورۇنغان ئەدىب ھەققىدە سۆز بولۇش توغرا كەلسە ئۇ ھەممىدىن ئىلگىرى ئەرشى، فۇتۇھى، شاھ ھىجران، مۇھەممەد سادىق كاشغەرىدىن ئىبارەت بولدى. بۇ بىر تۈركۈم ئەدىبلەر خوجا جاھان ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان يىللاردا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كىلاسسىك ئەنئەنىسىنى قايتا تىكلەش ۋە ئۇنى جاھان ئىلغار ئەدەبىيات ئىزىغا سېلىش يولىدا ئىجادىيەت، تەرجىمە، شەرھى ۋە

تەزكىرە ساھەسىدە ئۈچمەس تۆھپە ياراتتى. بۇ ئىش بۇرھانىدىن خوجا باشچىلىقىدىكى ئاپپاق خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ قايتا ھوقۇق تۇتۇشى، قانلىق باستۇرۇشى ۋە جاھىلانە ئىشانچىلىق تەرغىباتى بىلەن يەنە ۋايىغا يېتەلمىدى. ئارقىدىنلا جۇڭغار توپىلاڭچىلىرى، چولاق - كىچىك خوجا نىزاھلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن چەنلوڭ قوشۇنلىرى شىنجاڭغا چىقتى. ھاكىمىيەتنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ھېكىمبەگلىك ۋە بىر قانچە دەرىجە، ھەر خىل نامدىكى بەگلىكتۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئەمما ئىش بۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشمىدى. بۇرھانىدىن خوجىنىڭ ئەنجان دىيارىغا قېچىپ كەتكەن ئوغلى سامساق خوجاۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى، بولۇپمۇ جاھانگىر خوجا، چولاق - كىچىك يەتتە خوجا، ۋەلىخان تۆرە، ئابدۇرېھىم ئەلەم ئاخۇنۇم قاتارلىقلار داۋاملىق چېگرىدىن كىرىپ ئاپپاق خوجا ئىشانچىلىق ھاكىمىيىتىنى تىكلەشكە ئۇرۇندى. سىنىپىي زۇلۇم ۋە مىللىي زۇلۇمغا ئۇچرىغان، قاششاقلىق، نادانلىق ئىچىدە ھالىدىن كەتكەن ئۇيغۇر خەلقى ھەر قېتىم بۇ خوجىلاردىن بىرەر نىجادىيەت كۈتكەن بولسىمۇ، ئەكسىچە خانىۋەيرانچىلىق، تەپرىقىچىلىق ۋە ئۆز يۇرت - ماكانلىرىدىن ئايرىلىشتەك ئېغىر بالايى - ئاپەتلەرگە ئۇچراپ تۇردى. بۇنداق ئەھۋال گەرچە گاھى ئۈزۈلۈپ؛ گاھى ئۇلىنىپ تۇرسىمۇ، 1864 - يىلى ياقۇپبەگنىڭ «يەتتە شەھەر خانلىقى» (1864—1877) مەيدانغا چىققىچە داۋام قىلدى. بۇنداق ھالقىلىق پەيتتە زوھۇرىدىن ھېكىم قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرى خوجا جاھان باشلىغان ئىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي يۆلۈنۈشى ۋە كىلاسسىك قىممىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ كەلدى. ئابدۇرېھىم نىزارى ۋەكىللىكىدىكى ئا. نىزارى، زىيائى، غېرىبى، سەبۇرى قاتارلىق ئەدىبلەردىن تەشكىل تاپقان يېڭى ئەدەبىيات مۇنبىرى زوھۇرىدىن ھېكىم تەشەببۇسى بىلەن ئاپپاق خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ قايتا قوزغىغان ئىشانچىلىق تەشەببۇسلىرىغا قارشى يۈكسەك ئاڭ ۋە پىداكارانە جاسارەتتە تەشكىللەنگەن ئىدى. زوھۇرىدىن ھېكىم خوجىلار توپىلاڭلىرى، جەڭگى - جېدەللىرى پەيتىدە بۇ ئەدىبلەرنىڭ ھاياتىنى قوغدىدى. ئا. نىزارى قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ تۇرپانغا سەپەر قىلغانلىقى تاسادىپىي ئەمەس ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خوجىلار قوزغىغان كۆپ قېتىملىق ئىشانچىلىق مالامەتلىرى ئىچىدە غەرق بولۇپ كەتمىدى. ئۇ گۈزەل غايە، ئىنساننىڭ ھەقىقىي قىممىتى، ئەقىل - تەپەككۇر خاسىيىتى، ئىنسانىي سۆيگۈ - مۇھەببەت، ۋەتەن ھەم تۇرمۇشقا بولغان سەمىمىي ھېسسىيات، ئەخلاق - پەزىلەت، تەلىم - تەربىيە، ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى ئىللەتلەرگە مەسخىرە قاتارلىق ئەنئەنىۋى ۋە دۇنياۋى كىلاسسىك تېما تېكىستىدىن ئايرىلىپ قالمىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئۇسلۇبىدىكى بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ ئاخىرقى مۇھىم بىر تارىخىي باسقۇچىنى شان - شەرەپ بىلەن بېزىدى. ئۇنى ناۋائى ۋەكىللىكىدىكى چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تۇتاشتۇردى. XX ئەسىرگىچە داۋام قىلغان بۇ كەنجى دەۋر چاغاتاي - ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئا. نىزارى، زىيائى، غېرىبى، سەبۇرىدىن باشقا، موللا شاكىر، ناقىس، موللا بىلال، سېيىت مۇھەممەد، تەجەللى، مۇسا سايرامى، ئابدۇقادىر داموللام، قۇتلۇق شەۋقى قاتارلىق ئەدىبلەرمۇ ھەسسە قوشتى. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كىلاسسىك ئەنئەنىسىنى قوغداش ۋە جارى قىلىش بويىچە ئېلىپ بېرىلغان غايەت زور تىرىشچانلىق سەمەرىسى سۈپىتىدە روياپقا چىقتى. ئەگەر ئاپپاق خوجا ئىشانچىلىق جاھالىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان تەكرار ئېلىشىشلار نەزەرىدىن ساقىت قىلىنىدىكەن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ XIX — XVIII ئەسىردىكى يىرىك مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قىياس قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئوخشاشلا بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر دىققەتتىن يىراقلاشتۇرۇلىدىكەن XX ئەسىردىن باشلانغان دېموكراتىك - مەرىپەتپەرۋەر يېڭى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بىخ يېرىپ چىقىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. كۆرەش ئىچىدە، ئىلگىرىلەش - مانا بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم بىر قانۇنىيەت.

— ئاخىرى بار

# شېئىرىيەتتىكى ماھارەت ۋە شائىر تەپەككۇرى

## قاۋسىلقان قامىجان

ئۆمەر غازى ئايتاننىڭ شېئىرلىرى پىكرىنىڭ تەرەن ۋە ئوراملىقلىقى، شەكىل قۇرۇلمىسىنىڭ ھەيۋەتلىك ۋە زىچلىكى، تەپەككۇرىنىڭ كەڭ ۋە ئالەمشۇمۇللىقى، ھېسسىياتىنىڭ گۈزەل ۋە لىرىكىلىقى، ئۇسلۇبىنىڭ ئويناق ۋە گارمونىيىلىك بىرلىكى، تىلىنىڭ جانلىق ۋە ئوبرازلىقلىقى، ئاھاڭدارلىقى بىلەن كۆزگە ئۆزگىچە چېلىقىدۇ. مەن تۆۋەندە قېرىنداش ئۇيغۇر مىللىتى جامائەتچىلىكىگە خېلى تونۇشلۇق بولغان ھەم ئۇلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ كەلگەن بىر نەچچە پارچە شېئىرلىرى ھەققىدە بەزى ھېس قىلغانلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

شائىرنىڭ «تۇرپان ناخشىسى»، «ياغماقتا دەسلەپكى قار»، «بىر ساپاق ئۈزۈم»، «تۆگىلەر»، «كۆكلەم كارتىنىسى»، «قەتىرە»، «ئۇلار نېمىشقا چاقىردى»، «چاقناپ تۇرار بوۋاقنىڭ ئىككى كۆزى»، «رەڭدار كۆينەكلەر»، «قىزىل گۈل» قاتارلىق شېئىرلىرى ئۇيغۇر، قازاقتىن ئىبارەت ئىككى مىللەت كىتابخانلىرى تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان، زامانىمىز شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى تەلەپ، سۈپەت ئۆلچىمىگە يەتكەن ۋە يېڭىچە تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان ياخشى شېئىرلاردۇر.

شائىر ئۆمەرغازى ئايتان يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن شېئىرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزى بىۋاستە ئۇيغۇر تىلىدا يازغان، بىر قىسمىنى باشقىلار قازاق تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. گەرچە بۇ ئەسەرلەر شائىر ئىجادىيىتىنىڭ ناھايىتى ئاز بۆلىكىنى تەشكىل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا شائىرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە مۇھىم ئەمگەكلىرىگە تىپىك مىسال بولالايدۇ. ئۆز زامانىدا، ئۆز كەسپداشلىرى ئىچىدە ئالاھىدە تۆھپىلىرى بىلەن نامى چىققان بىرەر شەخسنىڭ ئۆز مىللىتى جامائەتچىلىكى ئارىسىدا قەدىرلەنگەنلىكى بىلەن ئىككىنچى بىر مىللەت جامائەتچىلىكى تەرىپىدىن شۇنداق قەدىرلىنىشى ناتايىن. لېكىن مەشھۇر ئالىملار، يازغۇچى، شائىرلارنىڭ كۆرسىتىدىغان تەسىرلىرىنىڭ چېگرىسى، چەكلىمىسى بولمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي ئەمگەك مېۋىلىرى ئارقىلىق ئۆز مىللىتى، ئۆز دۆلىتى چېگرىسىدىن ھالقىغان ھالدا باشقا مىللەت، باشقا دۆلەتلەر ئۈچۈنمۇ كۈچلۈك ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەھۋاللار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. ھەر تەرەپلىملىك ئىقتىدار، مول بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە تالانتلىق قازاق شائىرى ئۆمەرغازى ئايتاننىڭ قېرىنداش ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر زىيالىلىرى بىلەن قەلەم ئىگىلىرىگە تونۇلۇشىمۇ ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى سەۋەبىدىن بولغانلىقى تۇرغان گەپ. شۇڭا بەزى ئۇيغۇر، قازاق قەلەمكەشلىرى ئۆز ئارا ئۇچرىشىپ قالغاندا ياكى بىر يەرگە جەم بولۇپ قىزغىن سورۇن تۈزۈشۈپ ئىككى مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى ئۈستىدە پاراڭلاشقان چاغلىرىدا «بىزدىن تېيىپچان ئېلىيوپ چىقتى، سىلەردىن ئۆمەرغازى ئايتان چىقتى» دېگەن گەپلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پەخىرلىنىش، مۇئەييەنلەشتۈرۈش ھېسسىياتى بىلەن ئېغىزغا ئېلىنىشلىرىمۇ ئاساسسىز ئەمەس.

50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا بىر مەزگىلگىچە شائىر ئۆمەرغازى ئايتان پۈتۈن ئېلىمىزگە ھەتتا دۇنياغا مەشھۇر ئوت يۇرتى، ئۈزۈم يۇرتى، كارىز يۇرتى تۇرپاندا بولۇپ ئاددىي ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىنى يېقىندىن كەچۈردى. بۇ چاغلاردا شائىر ھەر خىل يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ساددا، جاپاكەش، مېھرىبان ئۇيغۇر دېھقانلىرى بىلەن تەقدىرداش، بىر تۇققانلاردەك قويۇق ئارىلىشىپ ئۆتتى. بىز تۆۋەندە شائىرنىڭ مۇشۇ تۇرمۇش قاينىمىدىن ئالغان تەسىراتى ئاساسىدا يېزىلغان «تۇرپان ناخشىسى» ناملىق شېئىرىغا قاراپ باقايلى:

«ئاشۇ سالقىن كارىزنىڭ زىلال شەربەت كەۋسىرى،
گويا بولۇپ ئاپپاق سۈت ئاق سايۋانغا قويۇلغان.
مائىلىيىمىدىن تۆكۈلگەن ھالال مېھنەت يامغۇرى،
ئۈپۈقلارغا تۇتاشقان ئۈزۈمزارنى گۈل قىلغان.
ھەر تال كىشمىش يۈرەكتە قوزغايدۇ زوق ـ ئىشتىياق،
ھەر بىر ساپاق بەلگىسى بىر تۈپ ئۆكەر يۇلتۇزنىڭ.
كىم بولغىدى ياپراقتا بېرىپ يېشىل رەڭ ـ بوياق،
جىلۋىلىنىپ چاقناتقان نۇرلىرىدىن كۈندۈزنىڭ؟!
چۈنچىلەردە قۇرىغان كىشمىش ئۈزۈم تۆكۈلسە،
پارتلاپ ئوتلۇق ئىلھامىم ناخشا تولار دىلىمغا.

«تۇرپان ناخشىسى»نىڭ سېھرىي كۈچى، بەدىئىي قىممىتى شۇنىڭدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتىكى: ئۇنىڭدا شائىرنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىدا پارتلىغان تۇرپان ھەققىدىكى تەسىرات تۇيغۇسى لىرىكا رېتىمىدا تەنتەنىلىك نامايەندە قىلىنىش بىلەن بىر چاغدا گۆھەر زېمىن ئۈزۈم يۇرتى خەلقىنىڭ پاراسەتلىك خىسلىتى، ئۇلۇغۋار تۆھپىلىرى، نۇرانە ۋىجدانى، پىنھانلىق ھالىتى، ئىپتىخارلىق سۆيگۈسى ئوبرازلاشقان مەنىۋىي ھېكمەت پەللىسىگە كۆتۈرۈپ يورۇتۇپ بېرىلگەن.

دېمەك تۇرپاننىڭ تەپ ـ تەكشى يەر قاتلاملىرىدىن قېزىلغان كارىز قۇدۇقلىرى بىلەن خۇددى دېڭىز ئاستىدىن سۈزۈۋېلىپ يىپقا تىزىپ ئېسىپ قويغان نىجۇ مارجانلىرىدەك ئۈزۈملىرىدىن ئىبارەت تىپىك ئالاھىدىلىكلىرى شائىر كاللىسىدا بىر پۈتۈن شېئىرىي پىكىر سىستېمىسىنى، قەلبىدە يارقىن شېئىرى تۇيغۇ ھاسىل قىلىپ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىشكە يول ئاچقان. شۇ گۈزەل مۇنبەت زېمىن ئۈستىدىكى جىمى ھاياتلىقنىڭ جېنى ۋە قېنى ھېسابلانغان «ئاشۇ سالقىن كارىزنىڭ زىل شەربەت كەۋسىرى، گويا بولۇپ ئاپپاق سۈت ئاق سايۋانغا قويۇلغان» زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن «ئۈپۈقلارغا تۇتاشقان، ئۈزۈمزارنى گۈل قىلغان» ئۆزلىرىنىڭ «ھالال مېھنەت» تەرى بىلەن باياشاتلىق تۇرمۇش مۇھىيتىنى ياراتقان، قولى گۈل، يۈرىكى ئوت، ئىجاتچانلىق روھقا باي، دىتلىق تۇرپانلىقلارنىڭ قىممەتلىك ئەمگەك مۇۋەللىرى، جاسارىتى شېئىردا يارقىن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

يۇقىرىدا دېيىلگەنلەردىن باشقا «تۇرپان ناخشىسى»دا شائىر ئۇمارغازىنىڭ ئىجادىي ئىزدىنىش روھى، بەدىئىي ئىپادىلەش ماھارىتى رېئاللىقنى ھەقىقىي سەنئەت رەڭدارلىقى بىلەن بېزەپ كۆرسىتىش جەھەتلەردىمۇ ئۆز كۈچىنى نامايەن قىلغان. زېمىنگە جان كىرگۈزۈپ، مۆھتەت قىياپىتىنى يېڭىلاپ، كونا ئادەت - كۆچلەرنى ئۆزگەرتىپ، ھازىرقى زامان پەن تېخنىكا كۈچى بىلەن ۋەتەنگە بايلىق، خەلققە بەخت، ئانا تەبىئەتكە گۈزەللىك ئاتا قىلغان زامان روھىنى روشەن گەۋدىلەندۈرگەن. شائىر بۇ شېئىرىدا يەنە ئەتراپى ئېلېكتىر چىرىغىنىڭ نۇرىدا بەئەينى كۈندۈزدەك چاقنىغان بارلىق ئاستىدىكى ھەر بىر ساپاقتىكى ئۈزۈمنى كېچىدە ئاسمان يۈزىدە پەيدا بولغان ئۈركەر يۇلتۇزغا ئوخشىتىپ كېلىپ: «كىم بولغىدىن ياپراقتا بېرىپ يېشىل رەڭ بوياق، جىلۋىلىنىپ چاقناتقان نۇرلىرىنى كۈندۈزنىڭ» دەپ رېتورىك سوئالنى قويىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا بەدىئىي پاراسەت، ئۇسۇل، دىت ئىشلىتىپ ئوبيېكتىپ پاكىت ئارقىلىق جاۋاپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا شائىر شېئىرغا دوستلۇق كۈيىنى قېتىپ تەسۋىرلەپ، شېئىر مەزمۇنىغا باشقىچە بىر تەم كىرگۈزىدۇ. ئۇ، ئۆزىنىڭ بىر قازاق يىگىت تۇرۇپ مەشھۇر ئۈزۈم يۇرتىغا بېرىپ جاپاكەش، ئاقكۆڭۈل ئۇيغۇر دېھقانلىرى بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىدىن خۇشاللىنىدۇ. «مەنمۇ ئوخشاپ بەئەينى تۇرپانلىق ياش يىگىتكە، قىپ - قىزىل گۈل چېكىلگەن دوپپا كىيدىم بېشىمغا» دەپ چىن دوستلۇق رىشتىسىدىن تۇغۇلغان قەلب سۆزىنى ئىزھار قىلىدۇ. مېھماندوست، خۇش چاقچاق ئۇيغۇر دوستلىرى بىلەن ئازادە زېمىن : باراڭلىقتا «شات - خۇرام سورۇن قۇرۇپ» ئىچىشكەن مۇسەللەسكە «شەربىتىدىن جەننەتنىڭ بىلدىم گۈلامەن بۇنى» دەپ يۇقىرى باھا بېرىدۇ. مەدھىيىلەيدۇ.

كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق بېرىدىغان ياخشى شېئىرلارنىڭ تۈپ نېگىزلىك ئالاھىدىلىكلىرى: قۇرۇلمىسىنىڭ پىخچاملىقى، ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ ئەھمىيەتلىكى، ئوبرازلىقلىقى، شېئىرى مۇھىتىنىڭ گۈزەللىكى، تىل سەنئىتىنىڭ رەڭدارلىقى، لىرىك تۇيغۇسىنىڭ ھەقىقىي ۋە گۈزەللىكى، ئۇسلۇبىنىڭ يېڭىلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە ئېنىق بايقىلىدۇ. يەنىمۇ ئېنىقراق قىلىپ تەرىپلىسەك، ئەشۇنداق ياخشى شېئىرلار جاھان جامائەتچىلىكىگە پىششىق تونۇلغان بۈگۈنكى زامان قىرغىز يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوۋ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «ھەممە ھوزۇرلىنىشنىڭ، ھەممە راھەتلىنىشنىڭ يۇقىرى پەللىسى» دۇر. شائىر ئۆمەرغازى ئايتاننىڭ «رەڭدار كۆينەكلەر» ناملىق ئەسىرى كىشىلەرگە بەدىئىي ھوزۇر ئاتا قىلىدىغان ئەشۇنداق ياخشى شېئىرلار جۈملىسىگە كىرىدۇ. بۇ شېئىردا شائىر دېمەكچى بولغان ئوي - پىكىرلىرىنى، يەتمەكچى بولغان مەقسەت - مۇددىئايىنى ئۇدۇللا، ئاشكارا ئەمەس، بەلكى سىمۋوللۇق ئەستېربىلەن پىكىر ئىچىدىن پىكىر، ھېسسىيات ئىچىدىن ھېسسىيات تۇغدۇرۇپ ئوبرازلاشتۇرۇپ ئىپادىلەيدۇ.

ئۆمەرغازى ئايتان شېئىرلىرىدىكى ھېسسىيات يالقۇنلىرى، پەلسەپىۋى ئۇقۇملار ئارقىلىق يۇغۇرۇلغان ئوي ئوراملىرى ئوقۇرمانلارنىڭ بىر قېتىم ئوقۇپلا بولدى خالاس قىلىۋېتىشىگە، ئەدەبىي ئوبزورچىلار بىلەن تەتقىقاتچىلارنىڭ ئاسانلا قولدىن ئۆتكۈزۈۋېتىشىگە كۆنمەيدۇ. چۈنكى شېئىر قانچىلىك يۇقىرى شائىرلىق قۇدرەت، بەدىئىي كۈچ بىلەن يېزىلغان بولسا، ئوقۇشتىمۇ، تەتقىق قىلىشتىمۇ شۇنداق

يۇقىرى ئالاھ، سەزگۈ ۋە بىلىم . ئىقتىدارنى تەلەپ قىلىدۇ.

«ئون يىل مۇقەددەم،
كۆرگەنمىدىڭسەن.
ئوتتۇرا جۇڭگودىن
شەرققە ئۆتۈپ،
تۇرغان چاغلىرى ئىدى ئۇ ئادەملەرنىڭ .
ئاچچىق ۋە ئەلەملەر يۇتۇپ . »
«رەڭدار كۆينەكلەر» دىن.

كىتابخانلار يۇقىرىدىكى مىسرالارنى ئوقىغان ھامان ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىغا جاھالەت تۇمانلىرى قاپلىغان ھېلىقى ئىپلاس، شۇم يىللارنىڭ كارتىنىيىسى كېلىدۇ.

ئەدەبىي ئىجادىيەتتە رېئاللىقنى، تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى، مەزمۇننى ئىخچام، مېغىزلىك ئىپادىلەشمۇ بىر خىل ئالاھىدە ماھارەتتۇر. بۇ مەسىلە كۆپرەك شېئىرىي ئىجادىيەتتە ئۆزىنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ. شائىر ئۆمەرغازى ئايتان بۇ شېئىرىدا ئۇزۇن گەپلەرنى قىلىپ شېئىرىي تىلدا جەريان سۆزلەپ ئولتۇرمايدۇ. پەقەت «ئون يىل قانداق يىللار بولغىيدى» دېگەن سوئالغا: «تۇرغان چاغلىرى ئىدى ئۇ ئادەملەرنىڭ ئاچچىق ۋە ئەلەملەر يۇتۇپ» دەپلا جاۋاپ بېرىدۇ.

«ئېيىسمگە چۈشىدۇ ئەمدى كۆكلەم قۇشلىرى
ئۇچۇپ كېلىشكەن ئالا - چىپار رەڭدە.
ماۋانى يېرىپ.
شۇلار ئەمەسمۇ ھەممىمىزنى ئۇھ
دېگۈزىدىغان
چىرايلىق جۇلا، چىرايلىق رەڭدەك،
بەر يۈزىگە ھۆسن بېرىپ. »

دەۋر ئالمىشىپ بۇزۇلغان سىياسەت ئوڭشالدى، ئىچكى ۋەزىيەت تىنجىپ يۈنىلىش توغرىلاندى، بۇلغانغان ئاتموسفېرا سۈزۈلۈپ كىشىلەرنىڭ نەپەس يوللىرى ئېچىلىپ، تىنىقلىرى راۋانلاشتى.

مانا ئېنىق كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىزكى، يۇقىرىدىكى مىسرالاردا بىر پۈتۈن دەۋر روھى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. خۇددى زىمىستان قىشتىن قوغلىۋېتىپ ئىللىق باھار كائىنات دۇنياسىدىكى مەۋجۇدىيەتلەرگە يېڭى ھاياتلىق مەنزىرىسىنى ئېلىپ كەلگىنىدەك، شەپقەتلىك رامىنىڭ بەرگەن قۇۋۋىتىدە خەلق قەلبى خۇشاللىق تەنتەنىسىگە چۆمدى. ئازابلانغان، خورلانغانلار قەد كۆتۈرۈپ ئورۇنلىرىدىن دەس تۇردى. قامالغان، سۈرگۈن قىلىنغان بىلىم ئىگىلىرى، تۆھپىكارلار يىل قۇشلىرىدەك قايتىپ كەلدى. بۇ رېئاللىق، شۇنىڭدەك بۇ بىر ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇلغۇسىز ئەھمىيەتلىك ئىشلار، ئەنە شۇنداق شائىرنىڭ مىڭىسىدىن، شائىرنىڭ قەلىمىدىن «چىرايلىق جۇلا، چىرايلىق رەڭدار» شېئىر بولۇپ قۇرۇلۇپ بەدىئىي ئوبرازغا، بەدىئىي رېئاللىققا ئايلاندى.

«كېلىڭلار، شادلىنىڭلار، ئەۋلادلار،
قۇشلار،
قۇشلار، قۇشلار،
چىپار قانات كۆكلەم قۇشلىرى، .
شادلىنايلى بىز قېرىلار ھەم،
قانداق ياخشى
كۆكلەم كېلىپ
شۇ قۇشلارنىڭ
توپ - توپى بىلەن ئۇچقىنى. »

بۇ مىسرالاردا بىزگە ئانا تەبىئەت ئەركىسى - كۆكلەم مەزگىلى، ئانا تەبىئەتنىڭ يارشىغى يىل قۇشلىرى تەسۋىرلەنگەندەك تۇيۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتە شائىر سىمۋوللاشتۇرۇپ ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئادەمنى، ئادەملەرنىڭ ئىچكى

دۇنياسىنى، ئۇلار ياشىغان ئىجتىمائىي مۇھىتنى تەسۋىرلىگەن.

«تۆگىلەر» ناملىق شېئىر ئومارغازى ئايتانىڭ يېڭى شەكىلدە يېزىلغان، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇپ، مەزمۇن ئۆزگىچىلىكى بار مۇھىم ئەسەرلىرىنىڭ بىرىدۇر. شېئىردا شائىر ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇر تۇيغۇسى بىلەن يارقىن رېئاللىق ئالامەتلىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ بېرىش يولى بىلەن تەسۋىرلىنىۋاتقان ئوبيېكتنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى روشەنلەشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرگەن.

«ھەيۋەتلىك تۆگىلەر چۈشەر ئېسىمگە،
يىلنىڭ جىم - جىت كۈنلىرى،
باھار بۇلۇتلىرى
ئالتاي تاغلىرىغا قونغاندا چۆكۈپ.
تىڭشىلىمەن خىيال ئىلكىدە
يېشىل قىيا قارىغايزارلارغا
شۇ تۆگىلەر -
ئېغىنغان ئۇ يەردە تىۋىتلار تۆكۈپ»

بۇ مىسرالاردا لىرىك تەسەۋۋۇر تۇيغۇسى بىلەن قاناتلانغان شائىر تەپەككۇرى ئىنسانىيەت دۇنياسى رېئاللىقىدىن ھالقىپ گۈزەل تەبىئەتنىڭ مۇھىم ئەزالىرىدىن بىرى ھېسابلانغان ھايۋاناتلار دۇنياسى رېئاللىقىدا پەرۋاز قىلىدۇ. شېئىردا نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن ئوبيېكت - تىرىكچىلىك ھاياتى كىشىلەر ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ تەقدىرداش ياشىغان ئەشۇ ھايۋاناتلار جامائەتچىلىكىنىڭ سۈلەت تاجىسى - تۆگىلەر كولېكتىپىدۇر.

دېمەك شائىر شېئىردا ئۆزىگە جىمى خۇسۇسىيەتلىرى پىششىق، چۈشىنىشلىك بولغان چىداملىق، يۇۋاش، تولىمۇ ئەمگەكچان، جاسارەتلىك جانۋار تۆگىلەرنى ئەسلەيدۇ. ئەسلىگەنسېرى شائىرنىڭ كۆز ئالدىغا تۆگىلەرنىڭ يېشىل قىيا قارىغايزارلىقلاردا ئېغىنغاندا قالدۇرغان تىۋىتلىرى، گىگانت ئادەملەردەك كۆرۈنۈشى، ھەيۋەتلىك مېڭىشلىرى كېلىدۇ. مۇشۇنداق ئەسلىمىلەر ئارقىلىق خاسىيەتلىك ھايۋان تۆگىلەر ئوبرازىنى تېخىمۇ مەنىلىك، تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈپ يارىتىشقا يول ئاچىدۇ. نەتىجىدە شائىر دەسلەپكى تەسەۋۋۇر قىلىشتىن چوڭقۇرلاپ تەپەككۇر يۈرگۈزۈشكە، شەيئىلەرنىڭ تاشقى ھادىسىۋىي ھالىتىنى كۆزىتىشتىن ئىچكى ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىشكە ئۆتىدۇ.

«خۇددى ئاقباش قېرى ئاتاڭدەك،
كېلىدۇ ئالدىمغا بوغدا چوققىسى.
كۆچ - كۆچ بولغاندا
قالغاندەك بۇ يەردە ئەتەي تارتىنىپ.
كۆرۈنەر يەنە تيانشان چوققىلىرى
شەرقتىن غەربكە قاراپ سەپەر تارتىپ.
كىم يۈگۈرمىگەن شاتلىنىپ،
ئوخشاش رەڭدىكى سېرىق ئاتانلار
غازدەك تىزىلىپ
باھار ئاۋۇلىنى بېسىپ ئۆتكەندە»

دېگەن مىسرالاردىكى جانلىق، سىمۋوللۇق ئوخشىتىشلار ۋاسىتىسى ئارقىلىق بېرىلگەن كۆركەم كارتىنىلار تەسۋىرى بىلەن يارقىن، نەپىس بېرىلگەن ھېسسىيات چىنلىقى ئەشۇ «غازدەك تىزىلىپ» كېتىۋاتقان تۆگىلەر ئوبرازىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا گەۋدىلەندۈرۈپ كۆرسىتىش رولىنى ئوينىغان.

«قايسى يولۇچى
ئېتىدىن چۈشۈپ تىڭشىمىغاندۇ،
قايسى دېھقان
قولاق سېلىپ زوقلانمىغاندۇ.
قوڭغىراقلارنىڭ ساداسى

كەڭ دالانى گۈمبۈرلەتكەندە،
تۆگىلەر، تۆگىلەر،
قايتقان تۇرنىلاردەك تىزىلىپ
چىققان ئەمەسمۇ تىرمىشىپ
تالاي ئېگىز چوققا بەللەرگە
داپ چېلىپ، سۇناي چېلىپ،
بارغان ئەمەسمۇ
تالايلىغان ماھىر ـ چېۋەرلەر
باشقا ئەللەرگە.»

بۇ يەردە شائىر شېئىرىي تۇيغۇ، سەنئەتلىك پىكىرنىڭ قۇدرىتى ئارقىلىق تۆگىلەرنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى، كىشىلەر مۇناسىۋىتىدىكى ئوينىغان مۇھىم رولىنى تارىخىي چىنلىق ئاساسىدا نۇرلاندۇرۇپ كۆرسىتىدۇ.

مەيلى قايسى بىر مىللەت ئەدەبىياتىدا بولمىسۇن ئۇنىڭدا پروزا شەكلىدە ياكى شېئىرىيەت شەكلىدە مەخسۇس ھايۋاناتلار ھاياتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن يەتكۈزگەن پايدىسىنى تېما قىلىپ يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەر ئانچە كۆپ ئەمەس. بولۇپمۇ تۆگە ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەر يوق دېيەرلىك. تالانتلىق شائىر ئۆمەر غازى ئېيتقان بۇ بىر رومانغا تېتىغىدەك ياخشى شېئىرى بىلەن بۇ بوشلۇقنى تولدۇردى. ئۇنىڭ «تۆگىلەر» ناملىق شېئىرىدا كېتىۋاتقان يولۇچىلارنى «ئېتىدىن چۈشۈپ تىڭشاش»قا، ئېتىزدا ئىشلەۋاتقان دېھقانلارنى «قولاق سېلىپ زوقلىنىش»قا مەجبۇر قىلغان ئەشۇ جاراڭلىق قوڭغۇراق ساداسى بىلەن جىمجىتلىقنى ئويغۇتۇپ ھاياتلىق دۇنياسىنى لەرزىگە سالغان دالا كارۋىنى ـ تۆگىلەردىن ئىبارەت قەيسەر جانىۋارنى رەڭدار، جانلىق بەدىئىي دۇنياغا كىرگۈزۈپ تەسۋىرلىگەن.

دېمەك شېئىردا نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن ئوبيېكتنىڭ خاس خاراكتېر ئالاھىدىلىكىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، گەرچە ئۇ كۈچ ۋە قۇدرەتكە ئىگە بولغىنى بىلەن شەپقەتچى ئىگىسى ئالدىدا تولىمۇ يۇۋاش، قايانغا يېتىلىسە، شۇ يانغا ماڭىدىغان، «بۇرنىنى تېشىپ چۇلۇۋۇر ئۆتكۈزۈلگەن» تۆگىلەرنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى، خاراكتېرى ھەممە ھايۋانلار ئىچىدە ناھايىتى كەم تېپىلىدىغان خىسلەتتۇر. مانا بۇ رېئاللىقنى، بۇ ھەقىقەتنى شائىر ئۆمەر غازى ئوبرازلاشقان پوئېزىيە تىلىدا روشەن يورۇتۇپ بەردى. ھەمدە شېئىرنىڭ كېيىنكى قىسمىدا شائىر رېئاللىقنى تارىخقا ئۇلاپ تۆگىلەرنىڭ ئىنسانلارغا يەتكۈزگەن پايدىسى بىلەن تۆھپىسىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا گەۋدىلەندۇرگەن. ئالايلى خۇددى شېئىردا تەسۋىرلەنگەندەك، باشقىلار بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىن، پەن ـ مەدەنىيەت تەرەققىياتى- دىن ئېغىز ئېچىش قىيىن بولغان مۇدھىش كونا دۇنيادا ئېلىمىزدىكى بىر قىسىم بىلىملىك، ماھارەتلىك مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر ئەينى زامانلاردا باشقىلارنىڭ ياراتقان ئىلىم ـ پەن يېڭىلىقلىرىنى ئۆگىنىپ كېلىش مەقسىتىدە ئەشۇ تۆگىلەرگە مىنىپ دۆلەتتىن دۆلەتلەرگە ئۆتۈپ، شەھەرمۇ ـ شەھەر ئايلىنىپ ساياھەت قىلىشقان، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشىنى ئېلىپ بارغان. ھايات ئادەملەرنىڭ مۇھىم پائالىيەتلىرى ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ جەسەتلىرىنىمۇ شۇ تۆگىلەرگە ئارتىپ ئاپىرىپ دەپنە قىلىشقان. شۇڭا شېئىردا شائىرنىڭ: «ئاسىيا، سېنىڭ قايسى يوكۇڭ بار، تۆگە بالىسى كۆتەرمەي قالغان؟!» دەپ تەسۋىرلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ ئىدى. ھەتتا قۇللۇق جەمئىيەتتە ياشىغان، زۇلۇم دەستىدە خورلانغان، ھۆرلۈك- تىن، ئەمگەك مېۋىلىرىدىن بەھرىمان بولالمىغان بىچارە قۇللارمۇ تۆگىلەرنى مىنىشىپ قوشۇن

تەشكىللەپ، ساداقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، ياۋۇز قۇلدارلار ئۈستىدىن ئىسيان كۆتەرگەن. ياۋروپا ۋە ئاسىيانى ئايلىنىپ تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە «يېشىل ئىزلار قالدۇرۇپ ماڭغان»، ئىنسانلار ئۈچۈن قانات بولۇپ مۇھىم قاتناش قورالى رولىنى ئوينىغان بۇ خاسىيەتلىك جانۋارغا شائىر ئەينى «دەۋرنىڭ بۈيۈك راكېتىسى، ئۇ قۇرۇقلۇقلار ئارا ئۇچقان» دەپ تەرىپلەپ ئالاھىدە باھا بېرىدۇ.

ئىجاتكارلىرىمىز ناھايىتى ياقتۇرۇپ دائىم ئاغزىدىن چۈشۈرمەي كەلگەن، مەرھۇم ئابدۇكېرىم خوجايېۋنىڭ: «ئويلىنىشقا قانچىلىك بەرداشلىق بېرەلىگەن شېئىر ئەڭ ياخشى شېئىر» دېگەن سۆزىنى ئېسىمگە ئالغان شۇ ھامان ئاتاغلىق شائىر ئۆمەر غازى ئايتانىنىڭ شېئىرلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئۆزگىچە مەزمۇن رەڭدارلىقى، مۇكەممەل پىكىر چوڭقۇرلۇقى، يېڭى، ئىجادىي شەكىل بىرلىكىدىن تۈرلەنگەن بىر پۈتۈن قۇرۇلمىسىلا ئەمەس، ھەر بىر مىسراسى كىشىنى تەكرار ئوقۇشقا، ئويلىنىشقا سالىدۇ. شائىرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا دائىم مەۋجۇت ئوبيېكتىپ رېئاللىق ئەمەلىيىتىدىن ئالغان مول تەسىرات ئۇنچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن سۇبيېكتىپ ئىچكى دۇنياسىنىڭ بەدىئىي سەزگۈ جەۋھەرلىرى كىشىلەر ئېڭىدا بەلگىلىك تونۇش، كىشىلەر قەلبىدە بەلگىلىك ئىستېتىك تۇيغۇ پەيدا قىلماي قالمايدۇ. ئۆمەر غازى كىتابخانلىرى خىللانغان، سەۋىيىلىك خېرىدارلىرى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن تەسىرلىك تۇرمۇش مەزمۇنلىرىغا، لەززەتلىك ھېسسىيات دۇردانىلىرىغا چوڭقۇر ئويلىنىش، تەكرار مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ئارقىلىق مۇئامىلە قىلىپ كەلدى.

بىز باشتا تىلغا ئالغان شېئىرلار ئىچىدىكى «قەترە»، «كۆكلەم كارتىنىسى»، «بىر ساپاق ئۈزۈم»، «چاقناپ تۇرار بوۋاقنىڭ ئىككى كۆزى»، «ياغماقتا دەسلەپكى قار» قاتارلىق شېئىرلارنى شائىر بىۋاستە ئۇيغۇر تىلىدا يازغان.

«تاڭ بۇلىغى گىرۋىكىگە،
شۇنچە بالدۇر كەلگەن كىمدۇ؟ ...
دومىلىسا قەترە شەبنەم؛
شائىر تۆلەپ بېرەلەمدۇ؟
تەنھا قەترە ئۆگىدەپ يۇلتۇز،
كىرپىكىمدىن چۈشكەنمىكەن؟
ئاسمان چاڭقاپ شۇ بۇلاقتىن،
ئېغىشىپ سۇ ئىچكەنمىكەن؟
يېشى ئەمەس ئۇ كىمىكنىڭ،
يە تۇندىكى ئىنسانىنىڭمۇ؟
مۇھەببەتنىڭ ئوتلىرىدا
چەككەن ئاچچىق يىغانىنىڭمۇ.»

(«قەترە» دىن)

شائىر شېئىرىدا تەبىئەتتە مەۋجۇت ھادىسىلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق «قەترە» دىن ئىبارەت ئۇقۇمنىڭ ماھىيىتىنى پەلسەپىۋى تۈس ئالغان ئىستېتىك نۇقتىئىنەزەر بىلەن يېڭى بىر بەدىئىي پەللىگە كۆتۈرۈپ يورۇتۇپ بەرگەن. شۇنىڭدەك شائىر بۇ شېئىرىدا يەنە قەلب قاتلىمىدا يارىتىلغان كۆپ قاتلاملىق ئېموتسىونالىق يەنى ھاياجانلىق تۇيغۇسى ئارقىلىق ئىستىلىستىكا ئىلمىدىكى رىتورىك سوئال، رىتورىك مۇراجىئەت قىلىشتەك بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ ياردىمى ئاستىدا پىكرىنى، ھېسسىياتنى ئوبرازلىق ئىپادىلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلغان. شېئىرنىڭ كېيىنكى كۇپلېتلىرىدە شائىر سىرلىق، مۇرەككەپ ۋە ھېكمەتلىك تەبىئەت

دۇنياسى رېئاللىقى ئىچىگە ھۆسۈپ كىرگەن.

«نەقەدەر پاك تەبىئەتنىڭ،
ئاشۇ داغسىز سۈزۈكلىكى.
ئەجەپ ئەمەس بىر قەترىدىن،
مىڭ قەترىنىڭ كۆرۈنمىكى.
ھېچ قايغۇلۇق ئەمەس شاختا،
تىترىسە بىر شەبنەم بېرىپ،
ئېقىپ چۈشكەن شۇ قەترىدىن
ئۈنەر بىخلار تۇپراق يېرىپ»

يۇقارقىلار شائىرنىڭ تەبىئەت مەنتىقىسىدىن ۋە تەبىئەت تەسىراتلىرىدىن ھاسىل بولغان بەدىئىي چۈشەنچىلىرىدۇر. تەبىئەت قانۇنىيىتى، ھەقىقەت رېئاللىقى بىلەن تويۇندۇرۇلغان بۇ چۈشەنچىلەر شېئىردا ئېنىقلىقتا، كونكرېتلىقتا ئىگە ئىلمىي قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا سەۋەبچى بولغان.

مەلۇمكى، «نەقەدەر پاك تەبىئەتنىڭ» داغسىز، سۈزۈك يۈزىدە، ئاتموسفېرانىڭ ئۆزگىرىشىدىن، شۇنداقلا ئىسسىق - سوغاق ھاۋانىڭ دائىم ئالمىشىپ تۇرۇشىدىن ئاسمان دېڭىز ھاسىل بولىدۇ. ئۇ قىش مەزگىللىرى قارغا، ياز مەزگىللىرى يامغۇرغا ئايلىنىپ يەرگە چۈشىدۇ، نەتىجىدە بۇلار ھەممە ھاياتلىقنىڭ ئانىسى ھېسابلانغان يەر زېمىندىكى يەنى تەبىئەتتىكى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ بېرىشنىڭ ھالقىلىق رولىنى ئوينايدۇ.

دېمەك شائىر ئۆمەرغازى ئەنە شۇنداق تەبىئەت ئىلمى، تەبىئەت پەلسەپىسى، تەبىئەت قانۇنىيىتىدىن ھېس قىلغانلىرى ئاساسىدا يۇغۇرۇپ «ئەجەپ ئەمەس، بىر قەترىدىن مىڭ قەترىنىڭ كۆرۈنمىكى»، «ئېقىپ چۈشكەن شۇ قەترىدىن ئۈنەر بىخلار تۇپراق يېرىپ» دەپ خۇلاسىلىغىنىدەك ئاسماندىن يەرگە چۈشكەن شۇ ھېسابسىز سۇ (يامغۇر) تامچىلىرىنىڭ قۇدرىتىدىن بىخلىنىپ مېۋە بەرگەن ھاياتلىق مەنزىرىسىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ ئۇنى بەلگىلىك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە قىلغان. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا «قەترە» ناملىق شېئىرنى تەبىئەت پەلسەپىسىنىڭ بەدىئىي يوسۇندا ئوبرازلاشتۇرۇلغان ئىلمىي ئۇندۇرمىسى دېيىشكە ئەرزىيدۇ.

كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، بەدىئىي ئەدەبىيات بەدىئىي ئوبرازدىن ئايرىلمايدۇ. جۈملىدىن بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەڭ ئاساسلىق بىر تەركىبىي قىسمى ۋە ئەڭ يۇقىرى شەكلى ھېسابلانغان شېئىرنىمۇ شېئىر قىلغان يەنىلا بەدىئىي ئوبرازدۇر. بەدىئىي ئوبراز - ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ ۋاستىسى بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ. خۇسۇسەن بەدىئىي تەپەككۇر شېئىرىي ئەسەرلەرگە قارىتىپ ئېيتقاندا، ئۇ شېئىردىكى ئوبرازلىق پىكىر، ئوبرازلىق ھېسسىيات، ئوبرازلىق تىلنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە يول ئاچىدۇ. بۇ مەسىلىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ شەرھىلىسەك، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ قېنى بولغان ھېسسىيات، جېنى بولغان بەدىئىي چىنلىق ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىدا ئوبرازلىق تەپەككۇر يۈرگۈزۈشتىن تۆرۈلۈپ مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، شائىر شېئىرنى پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ قانچىلىك ئويلىنىپ، قانچىلىك بەدىئىي ماھارەت ئىشلىتىپ يازسا، ئۇ باشقىلارنىڭ شۇنچىلىك ئويلىنىپ ئوقۇشىغا، يۈرەك قېنىغا سىڭدۈرۈپ ھەزىم قىلىشىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. چاينىماي يىگەن تاماقنىڭ تەمى بولمىغىنىدەك، ئۇدۇلمۇ - ئۇدۇل يالىڭاچ گەپلەرنى قاپىيىلەشتۈرۈپ يازغان شېئىرلارنىڭ قانداقمۇ تەمى، ئىستېتىك لەززىتى بولسۇن؟!

ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئۆتكەن شائىرلىرىمىز

تەبىئەت مەنزىرىسىنى بولۇپمۇ باھار مەنزىرىلىرى كارتىنىيىسىنى سىزىپ بىزگە نۇرغۇن ياخشى شېئىرلارنى يېزىپ قالدۇردى. ئۇيغۇر خەلقىدە «پەسىلنىڭ ياخشىسى باھار، ...» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. بەدىئىي ئەدەبىيات دۇنياسىدا ياشاپ كېلىۋاتقان كىتابخانلىرىمىز ئىلگىرىمۇ، ھازىرمۇ باھار مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن، باھار كۈيلىرىنى ياڭراتقان ياخشى يېزىلغان تەبىئەت لىرىكىلىرى (پېزاژ)نى ئوقۇپ ئۇنىڭدىن زوقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىدىكى جىمى گۈزەللىكنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن يىل ئەركىسى، يىلنىڭ گۈلتاجى - باھار پەيزى، كۆركەم باھار خىسلىتى كىمنىڭ مۇزۇقىنى قوزغىماي تۇرالىسۇن؟!

ئاتاقلىق قازاق شائىرى ئۆمەرغازى ئايتاننىڭ: «كۆكلەم كارتىنىيىسى» ناملىق شېئىرىدا:

«كۆكئۆل رۇجەكلىرىنى غىدىقلىغان ياپراقتەك،
تىنىمسىز شاخلارنىڭ تاڭدىكى ئويغۇنىشىدىن.
كىم ئەگە شۇ تولغىنىپ تۇغۇلغان تۇيغۇلارغا،
تەبىئەتنىڭ دەسلەپكى رەڭگە بويىلىشىدىن.
ئالدىرىغان يولۇچىدەك كۆكلەم خەۋەرچىسى،
يېشىل قاناتلىق جەننەت قونغانمۇ كېلىپ.
چەكسىز بوشلۇقتا ئالتۇن نۇرلار ئاقتى سۇ بولۇپ،
زۇمرەت رەڭلىك دېڭىزغا ئاپپاق ئىزلارنى سىلىپ.
چاقنىدى كەڭ دالىلار قىزغۇچ رەڭلىك جىلۋىدە،
گوياكى نەقىش پەردە تاغلارنىڭ ئالدىدىكى
نەمەتكە قاندۇرغان يېشىل قوچاقلىرىنى،
ياتار ئېدىرلار قاپتاللارمۇ دالىدىكى.»

دەپ باھار رىۋايىتىنى باھار بويىغى بىلەن زىننەتلىگەن، باھار ساداسىنى باھار كۈيى ئارقىلىق لىرىكىلىك تەنتەنە قىلغان. شېئىردا يەنە باھار شاتلىقى، باھار مەنزىرىسى گۈزەللىك يۈكسەكلىكىدە نەپىس ئوبرازلىق تەسۋىرلەنگەن. باھارنىڭ بەدىئىي كارتىنا ئەينىكىدە جىلۋىلەنگەن ئاجايىپ سېھىرلىك كۈچى خۇددى «كۆكلەم رۇجەكلىرىنى غىدىقلىغان ياپراقتەك» تاڭ نۇرىدا شاتلانغان شادىيانە ئوتلۇق يۈرەكنىڭ يالقۇنلۇق ئىزھارىدەك كىتابخانلار قەلبىدە كۈچلۈك ھېسسىيات ئېقىمىنى پەيدا قىلىپ، ئۇلاردا ئانا تەبىئەتتىن سۆيۈنۈش، ئانا تەبىئەتكە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ.

شېئىرنىڭ ئالدىنقى بۆلىكىدە «ئالدىرىغان يولۇچىدەك» پەسىلنىڭ ئالمىشىشى بىلەن تەڭلا جەنۇپتىن شىمالغا قاراپ يولغا چىققا «كۆكلەم خەۋەرچىسى» كىشىلەر تەشنالىق بىلەن كۈتكەن «يېشىل قاناتلىق جەننەت» قۇشلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى، «زۇمرەت رەڭلىك دېڭىز»لارغا «ئاپپاق ئىزلارنى» قالدۇرۇپ يەر يۈزىنىڭ چەكسىز بوشلۇقلىرىدا يۈزىگە كۈن چۈلىسىنى چۈشۈرگەن سۈزۈك سۇلارنىڭ بەئەينى «ئالتۇن نۇر»لارغا ئوخشاپ ئاققانلىقىدىن ئىبارەت مەنزىرە تەسۋىرلەنسە، شېئىرنىڭ كېيىنكى بۆلىكىدە ھاياتلىقنىڭ شەپقەتلىك ئانىسى — خاسىيەتلىك باھار پەسلى گوياكى تاغ - دالىلاردا، مۇنبەت زېمىن ئۈستىدە «نەقىش پەردە» پەيدا قىلغانلىقى. يەنە بىر تەرەپتىن گۈل چېچەكلەر قاپلىغان زېمىندا جۇلالانغان رەڭگى بىلەن كىشىلەر كۆزىنى چاقنىتىپ ھۆسن ئۈستىگە ھۆسن قوشقانلىقى يېزىلغان. شۇنىڭ بىلەن شائىر ئىشقىدا قوزغالغان ئىلھام، قان - تومۇرلىرىدىن ئۇرغۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چىققان ھېسسىيات قايىنىمى باھار تىنىقىغا ئايلانغان.

ئۆمەرغازى ئايتاننىڭ ھەر بىر شېئىرى ئۆزىنىڭ يېڭىلىقى، ئىجادىيلىقى، ئوبرازچانلىقى، مەزمۇن چوڭقۇرلىقى، شەكىل گۈزەللىكى، خاس ئۇسلۇبى بىلەن سەنئەتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايەن قىلىپ تۇرىدۇ.

بىز تۆۋەندە شائىرنىڭ «چاقناپ تۇرار بوۋاقنىڭ ئىككى كۆزى» ناملىق شېئىرىغا نەزەر تاشلاپ باقايلى:

«چاقنايدۇ ئىككى يۇلتۇز ئىككى چىراق،
ياش ئاتا تۇرار پوستا.
تەبىئەت ئويغانماقتا ئۇيقۇسىراپ،
قالمىغان سۇنۇغىمۇ ئوغاق ئاينىڭ.
ئىچىدە قاپقاراڭغۇ تىمتاسلىقنىڭ -
يېنىپ تۇرار ئىككى يۇلتۇز -
يېنىپ تۇرار بوۋاقنىڭ ئىككى كۆزى.
مېھرىبانە قۇچاق ئىچىدە ئۇيقۇسىز،
ئېڭىشىپ ئولتۇرىدۇ ئىزىز ئانا.
ئۈستىدە بوۋاقنىڭ،

ئاڭا ئېنىق.»

دېمەك، ھەجىمى 20 مىسرادىن تەركىب تاپقان «چاقناپ تۇرار بوۋاقنىڭ ئىككى كۆزى» ناملىق بۇ شېئىرنى ئوقىغان مەزگىللىرىمىزدە كۆز ئالدىمىزغا ۋەتىنىمىز چېگرىلىرىنىڭ گۈزەل خەرىتىسى، خۇددى چاكىبەيشەن، تيانشان قارىغايلىرىدەك قەد كۆتۈرۈپ پوستا تۇرغان قەيسەر جەڭچىلىرىمىز كېلىدۇ. ئانا تۇپراق، ئالتۇن دىيار زېمىنىنى قوغداش ئۈچۈن كەتكەن ياش جەڭچىنىڭ ئائىلىسىدە ئاسمان يۈزىدە «ئوغاق ئاينىڭ سۇنۇغىمۇ قالمىغان، تىمتاسلىق قاراڭغۇ كېچىلەرنى» ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپ ئىككى كۆزى بولاقتەك نارسىدە بوۋاقنىڭ بۆشۈكىنىڭ يېنىدا «ئېڭىشىپ ئولتۇرغان» ياش ئانىنىڭ ئوبرازى كېلىدۇ. شۇنىڭدەك ياش ئاتا - ئانىنىڭ ئۈمىد، ئىستىقبالى بولغان «ئىككى كۆزى ئىككى چىراقتەك چاقناپ» يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان نارسىدە بوۋاقنىڭ ئوبرازى كېلىدۇ.

«بولسىمۇ سىيا كەبى قاراڭغۇلۇق،
بوۋاقنىڭ ئىككى كۆزى تۇرار يېنىپ.
ياش ئاتا چېگرىدا . . .
قۇرالنى كۆكرىكىگە تۇرار بېسىپ، شۇ تاپتا بىر نارسىدە.
ئۇنىڭمۇ خىيالىدا،
ئۇخلىماي ئولتۇرىدۇ كۆزىنى
ئېچىپ.
چاقنايدۇ
ئىككى يۇلتۇز
ئۆچمەيدۇ ئىككى قارچۇق - ئىككى چىراق
تەبىئەت ئويغانماقتا
ئۇيقۇسىراپ»

ئايرىملىقتىن ئومۇملۇققا، قىسمەنلىكتىن پۈتۈنلۈككە ئۆتۈشتەك بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق جەڭچىلىك ھايات قانۇنىيىتى، جەڭچىلىك تۇرمۇش رېئاللىقىنى ئۆز چىنلىقى، ئۆز مەنىسى، ئۆز مەنتىقىسى، ئۆز قىممىتى بىلەن جىلۋىلەندۈرۈپ گەۋدىلەندۈرۈلگەن شېئىرنىڭ يۇقىرىدىكى مىسرالىرىدىن كىشىلەر ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىك روھنىڭ يېڭى، يۈكسەك مېتودولوگىيىسىنى بايقاپ ئالالايدۇ.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئاتا - بالا، ئانا - بالا، ئەر - خوتۇن مۇھەببىتى، مۇقەددەس زېمىن - ۋەتەن مۇھەببىتى جەڭچى قەلبىدە گىرەلەشتۈرۈلۈپ تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، شائىر شېئىردا يەنىلا ۋەتەن مۇھەببىتىنى ھەممىسىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويغان.

«ھېسابسىز ئاق كېپىنەك.
ئاق ئۇچقۇنلار،
ئورىلىپ نەم تۇپىغا بىر ئالتۇن دان
راھەتلىنەر.
ھېسابسىز ئاق كېپىنەك ئۇچۇپ كېلىپ،
تامامەن ئاق قاناتلىق پەرىشتىلەر
ئورىلىپ ئاق گۈللەرگە،
تۇرغاندەك كۆز ئالدىڭدا جىلۋە قىلىپ

قونماقتا يىغىپ ھارغىن قانىتىنى
ھېساپسىز ئاق كېپىنەك
گويا بىلدۈرگەندەك ئىنتىزارىنى
قۇدرەتلىك يەر يالىڭاچ تۆشۈكىدە
ئۆگدەپ ئۇخلىماقتا
دەسلەپكى مامۇقىدا تازا قارنىڭ»
(«ياغماقتا دەسلەپكى قار» دىن)

«ياغماقتا دەسلەپكى قار» ناملىق شېئىردىن تاللاپ سىتات ئېلىنغان ئاشۇ مىسرالارنى ئوقىغان كىتابخانلار شىۋىرغان قىش كۈنلىرىنىڭ سۆڭەكتىن ئۆتكىدەك قاتتىق سوغاقلىقىدىن بىزار بولۇش تۇيغۇسىدا ئەمەس، ئەكسىچە ئۇنىڭ كۆرۈنۈشىنىڭ كۆركەملىكىدىن، پايدىلىق تەرەپلىرىدىن تەسىرلىنىش، لەززەتلىنىش، سۆيۈنۈش ھېسسىياتىغا كېلىدۇ. شېئىردا قىش مەزگىلىنىڭ ئۆزىگە خاس يارشىغى ھېسابلانغان ئاسماندىن چۈشۈۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرى «ئاق كېپىنەك» كە، «ئاق قاناتلىق پەرىشتىلەر» گە، دەلدەرەخلەر شېخىدا ھۆپپىدە ئېچىلغان ئاپپاق گۈل چېچەكلىرىگە ئوخشىتىلغان. بۇلارمۇ شېئىرنىڭ ئىجادىي كۈچىنى، بەدىئىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينىغان.

«ئولتۇرار دەرىزىدە دېھقان ئاتا
نەقەدەر كۆڭۈللۈك - ھە.
سىلىسا ئاق ساقالىنى ئويغا پېتىپ،
تۇرغاندەك مىنۇتسىرى
مول ھوسۇلنىڭ ئاپپاق قارى
ئۇنىڭمۇ ساقىلىنى قويۇقلىتىپ.»

دەپ شائىر دەسلەپكى قار ياققان مەزگىلدىكى دېھقان ئاتىنىڭ «نەقەدەر كۆڭۈللۈك» ئۆتىۋاتقان كۈنلىرىدىن تۇغۇلغان يارقىن ھېسسىياتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق شېئىردا تەبىئەتنىڭ ئىنسانلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى بىلەن ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە كۆرسەتكەن تەسىرى ئوتتۇرىسىدىكى دىئالېكتىك بىرلىكنى تېخىمۇ ئوبرازلاشقان نەپىس شېئىرىي تىل بىلەن ناھايىتى مەنىلىك ئىپادىلىگەن. شۇنىڭدەك شېئىردا يەنە «مول ھوسۇلنىڭ ئاپپاق قارى» نىڭ كىشىلەرگە ئۆزگىچە ھاياجانلىق تۇيغۇ، ھوزۇر بېغىشلىغان نۇرانە مەنزىرىسىنى بېرىش يولى بىلەن ئانا تەبىئەت سىرىنى، گۈزەللىك كۆينىنى، خاس قانۇنىيىتىنى، كىتابخانلارنىڭ بەدىئىي تۇيغۇسى، پسىخىك ھالىتى، ئىستېتىك ھەۋىسى بىلەن تەبىئىي رەۋىشتە بىرلەشتۈرۈۋەتكەن. «بىر ساپاق ئۈزۈم»، «قىزىل گۈل»، «ئۇلار نېمىشقا چاقىرىدى» قاتارلىق شېئىرلاردىنمۇ ئۆمەر غازى ئايىتاننىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى ماھارىتىگە، ئۇسلۇبىغا، تالانتىغا مۇناسىۋەتلىك يېڭى، ئىجادىي پىكىر، ھېسسىيات، تىل ئۆزگىچىلىكلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ.

---

تالانت دېگەن ئاللىقانداق سۆزمەنلىك، سۈنئىي بىلەرمەنلىك بولماستىن، بەلكى، ئادەمنىڭ تۇغما ئەقلىي قابىلىيەت ئاساسىدىكى تۈرلۈك ئەقلىي قابىلىيەتلىرىنىڭ يۈكسەك تەرەققىي قىلىشى ۋە ئەقىل قۇرۇلمىسىغا مۇكەممەل دەرىجىدە بىرىكىشىدۇر. كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان تالانت يېتىشتۈرۈش، ئۇلۇغ ئىلىم - پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يارىتىش ھورۇنلارنىڭ قولىدىن مەڭگۈ كەلمەيدۇ. تالانت پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇستىكارلىق قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ دەرۋازىسىغا قاراپمۇ قويمايدۇ. تالانت - ئەمگەكنىڭ جۇغلانمىسى، جاپالىق ئەمەلىي تىرىشچانلىقنىڭ جۇغلانمىسى. ئۇنىڭ تۈرىدە جۈرئەت تۇرىدۇ.

«ئەقىل ۋە پەزىلەت» دىن

www.uyghurkitap.com



# تىراگېدىيىلىك شەخس - ئاننا ھەققىدە

ھەبىبۇللا ئابدۇسالام، گۇلشەن بەسىر

ئاننا كارېنىنا - رۇس كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ شانلىق ۋەكىلى لېۋنىكولايېۋىچ تولستوينىڭ قەلىمى ئاستىدا يارىتىلغان، جەزبىدارلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان تىراگېدىيىلىك شەخس. بۇ ھەقتە ئالىي مەكتەپ دەرسلىكلىرى ۋە قىسمەن تەتقىقات ماتېرىياللىرىدا بەزى كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان. ئۇ گەرچە باشقا ماكان ۋە زاماندا يارىتىلغان ئوبراز بولسىمۇ، ئۇنىڭ تىراگېدىيىسىنىڭ مەنبەسى ھەققىدە قايتىدىن ئىزدىنىش، بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، لېۋنىكولايېۋىچ تولستوي (1828—1910)، 19 - ئەسىر روسىيە تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىلى ھەمدە دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا تەسىرى ئىنتايىن زور بولغان يازغۇچىنىڭ بىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر يۈرۈش نادىر ئەسەرلىرى بىلەن روسىيە ئەدەبىياتى ۋە دۇنيا ئەدەبىياتى غەزىنىسىنى بېيىتتى. ئۇنىڭ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بولغان ئۆلمەس يىرىك ئەسىرى «ئاننا - كارېنىنا» دەل ئەشۇ غەزىنە ئىچىدىكى تولستويغا «سەنئەتنىڭ پىرى» دېگەن نامنى بەخش قىلغان مەشھۇر رومان. ①

تولستوي بۇ ئەسىرىدە 1870 - يىللاردىكى روسىيە جەمئىيىتىنىڭ تۈپ خۇسۇسىيەتلىرىنى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بەدىئىي ئىقتىدارى بىلەن تەسۋىرلەپ، فېئوداللىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ داۋاملىق يىمىرىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، كاپىتالىستىك كۈچلەرنىڭ ئۇچقاندەك يۇقىرى ئۆرلەۋاتقانلىقىنى، بۇرژۇئازىيە سىنىپى بىلەن فېئودال ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىدىيە ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردىكى توقۇنۇشلىرىنى، تېبىقىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر گەۋدىلەنگەن ئاقسۆڭەك ئائىلىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كېلىشەلمەسلىك نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان خىلمۇ خىل زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارنىڭ ھەر خىل تېبىقىگە مەنسۇپ پېرسوناژلارغا ئېلىپ كەلگەن ئوخشىمىغان تەقدىرلەرنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

تولستوي «ئاننا - كارېنىنا»نى يېزىۋاتقاندا، ئىدىيە جەھەتتىن ئاقسۆڭەكلەر سىنىپى مەيدانىدىن كىرىپوسنويلۇق تۈزۈمىدىكى دېھقانلار مەيدانىغا ئۆتۈۋاتقان ئىدى. بۇ باسقۇچتا ئۇنىڭ ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىغا بولغان ئۈمىتسىزلىكى بىلەن نارازىلىقى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ. ئەمگەكچى خەلققە بولغان ھېسداشلىقى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ئۇ «ئاننا - كارېنىنا» رومانىدا تەرغىپ قىلغان پاترىئارخاللىق شەكلىدىكى ئائىلە غايىسى بىلەن ئەخلاقىي پرىنسىپلار فېئوداللىق تۈزۈم كۈندىن - كۈنگە چۈشكۈنلىشىۋاتقان دەۋردە قالاقلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى قوغداش مۇمكىن بولمايدۇ. ئەمما ئۇ جىددىي داۋالغۇش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان، زىددىيەتلەر بىلەن تولغان، يىمىرىلىپ كېتىۋاتقان شەھەر - يېزا ئاقسۆڭەك ئائىلىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمى توغرىسىدىكى رېئالىزملىق تەسۋىرلىرىدە ئالاھىدە بىر نۇقتىدىن بىر قاتار مۇھىم مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا

قويۇپ، XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى مەزگىللىدىكى روسىيە جەمئىيىتىدىكى جىددىي ئۆزگىرىشلەرنى ئىنتايىن چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

تولستوينىڭ «ئاننا ـ كارېنىنا»نى يېزىشتىكى ئاساسىي مۇددىئاسى پاترىئارخاللىق ئائىلە غايىسىنى تەرغىپ قىلىپ، شەھەر ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن بۇرژۇئازىيىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەنقىد قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ خىل مۇددىئا «ئاننا ـ كارېنىنا»نىڭ تۈزۈلۈش جەھەتتىكى ئىككى ياقلىمىلىقىنى بەلگىلەيدۇ. روماندا ئۆزئارا پاراللېل ھالدا راۋاجلىنىپ ماڭىدىغان ئىككى سيۇژېت لىنىيىسى بار. بىرى، ئاننا ـ كارېنىن ـ ۋورونىسكىيلەرنى مەركەز قىلغان سيۇژېت لىنىيىسى بولۇپ، بۇنىڭدا ئاننانىڭ ھەقىقىي مۇھەببەتكە بولغان ئىنتىلىشىنى دەۋر قىلغان ھالدا، ياسالما، ھەشەمەتخور شەھەر ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن بۇرژۇئازىيىنىڭ تۇرمۇش غايىسى گەۋدىلىنىدۇ. يەنە بىرى پومىشچىك لېۋىن بىلەن كىتىنى مەركەز قىلغان سيۇژېت لىنىيىسى بولۇپ، بۇنىڭدا پاترىئارخاللىق تۇرمۇش شەكلىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قۇرۇق تۇرمۇش غايىسى گەۋدىلىنىدۇ. يازغۇچى بۇ ئىككى لىنىيىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، شەھەرلەردىكى ئاقسۆڭەك بۇرژۇئازىيىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى كىشىلەرگە بەختسىزلىك ئېلىپ كەلدى، ئاننا پويىز چاقىنىڭ ئاستىدا ئۆلدى، ۋورونىسكى ئاننانىڭ ئۇشتۇمتۇت ئۆلگەنلىكىدىن روھى جەھەتتە قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى، يېزىلاردىكى ئاقسۆڭەك پومىشچىكلارنىڭ پاترىئارخاللىق تۈزۈمىدىكى تۇرمۇشى بولسا، لېۋىن بىلەن كىتىگە ئائىلىۋى بەخت ـ سائادەت ئېلىپ كەلدى، دېمەكچى بولىدۇ.

تولستوينىڭ «ئاننا ـ كارېنىنا» روماندا ئىپادىلىگىنى ئوبيېكتىپ جەھەتتە، دەۋر ھالقىغان، ئومۇمىيۈزلۈك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان باش تېمىغا، يەنى ئاپتور روماندا ئائىلىنىڭ ماھىيىتى ۋە شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە دائىر مەسىلىلەرگە تېگىپ ئۆتىدۇ. رومانىدىكى ھەر خىل ئائىلىۋى زىددىيەتلەر پۈتلۈك جەمئىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇلار كىشىلەر ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەر ئىدى. ھەر قايسى دەۋر، ھەر قايسى سىنىپ، ھەر قايسى مىللەت كىشىلىرىنىڭ بۇ ئەسەرگە ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىشى (مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن ئىنكار قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)نىڭ ئاساسىي سەۋەبمۇ دەل مۇشۇ يەردە.

ئائىلە ـ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى. خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك پەيدا بولغاندىن كېيىن بىر ئەر بىر خوتۇن تۈزۈمىدىكى يەككە ئائىلە قەدەممۇ قەدەم شەكىللەندى. يەككە ئائىلىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى، ئىنسانىيەت ھاياتىدىكى بىر ئىلگىرىلەش بولدى. ئەمما ئائىلىنىڭ ماھىيىتى، رولى، تەشكىل تېپىشى، شەكلى بىلەن تۈزۈلۈشى ۋە ئۇنىڭغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەخلاقىي كۆز قاراشلار بىلەن تۇرمۇش پرىنسىپلىرى ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ باردى. تولستوي بۇ زور ئىجتىمائىي باش تېمىنى ھەقىقىي توپ ئوبرازلىق ھالدا ئىپادىلەپ بەردى. تولستوي ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ ئورمانلاردىن، يەرلەردىن، ئىمتىيازلىق ئورنىدىن ئايرىلىپ، پاراكەندىچىلىك ئىچىگە چۈشۈپ، كونىسىرى يىمىرىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، مۈلۈكدارلارنىڭ ئورمانلارغا، يەرلەرگە ئىگە بولۇپ، ئاقسۆڭەك پومىشچىكلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى يېتەكچى ئورنىغا چىققانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. يازغۇچى بۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى لېۋىننىڭ «ھەممە پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن، ھەممە نەرسىلەر ئەمدىلا قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلۇشقا باشلىغان»② دېگەن سۆزى بىلەن ئومۇملاشتۇرىدۇ. «ھەممە پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن» دېگەن سۆز يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى، روسىيىدىكى فېئودال كۈچلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



يىمىرىلگەنلىكىنى كۆرسەتسە؛ «ئەمدىلا قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان»، «ھەممە نەرسە» يېڭىدىن تۈرغۇزۇلۇۋاتقان كاپىتالىستىك ئىجتىمائىي تەرتىپلەرنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. روسىيىنىڭ شەھەر يېزىلىرىدىكى ئاقسۆڭەك ئائىلىلىرىدىكى زىددىيەتلەر، پاراكەندىچىلىكلەر دەل روسىيىدىكى ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنىڭ مەھسۇلى ۋە ئىپادىسىدۇر. ئاننانىڭ خاراكتېرى، شەخسىي بەختلىك تۇرمۇش يولىدىكى ئىزدىنىشلىرى ۋە مۇھەببەت پاجىئەسىنى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، مۇشۇنداق ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. يەنى X I X ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدا روسىيە جىددىي ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرۇۋاتاتتى، يانچىلىق تۈزۈمى داۋاملىق يىمىرىلىۋاتاتتى. بىراق ئۇنىڭ قالدۇقلىرى يەنىلا غايەت زور تەسىرگە ئىگە ئىدى؛ كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتلەر ئىنتايىن تېز راۋاجلىنىۋاتاتتى. بىراق بۇ خىل يېڭى مۇناسىۋەتنىڭ بۇ دەۋردە جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمران كۈچىگە ئايلىنىشى تېخى يىراق ئىدى. دېمەك، بۇ مەزگىلدە روسىيىدە ھۆكۈمرانلىق ئورۇننى ئىگىلەپ تۇرغىنى يەنىلا فېئودالىزملىق كۈچلەر ئىدى. ئاننا مۇشۇنداق بىر دەۋردىكى بىر قەدەر ئىلغار رادىكال ئاقسۆڭەك ئاياللارنىڭ تىپى. يەنى ئۇ ئىدىيە، ھېسسىيات، قابىلىيەت، بىلىم ۋە پەزىلەت جەھەتلەردە ئۆز دەۋرىدىن ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، شۇ چاغدىكى ئادەتتىكى ئاقسۆڭەك ئاياللىرىنىڭ ھەممىسىنى بېسىپ چۈشىدۇ. ئاننانىڭ خاراكتېرىدىكى زىددىيەتلەرنى، ئۇنىڭ پاجىئەسىنى دەل مۇشۇنداق ئىجتىمائىي شارائىت كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئاننانىڭ ئوبرازى روماندا مەركىزى ئورۇننى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئاننا تىراگېدىيىسىنى چوڭقۇر قېزىپ چىقىش «ئاننا - كارېنىنا»دىن ئىبارەت بۇ رومانىنى ۋە رومانىدىكى باشقا پېرسوناژلارنى توغرا چۈشىنىشنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

كىشىلەرنىڭ ئاننا ئوبرازى ھەققىدىكى باھالىرى ئوخشاش ئەمەس. ئەگەر ئانناغا جۆڭگونىڭ فېئودالىزملىق ئەدەپ - ئەخلاق ئۆلچىمى بويىچە باھا بەرگەندە، ئۇنى بۇزۇق خوتۇن دەپ چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما، مەسىلىگە مۇنداق قاراش ئەلۋەتتە بىر تەرەپلىمىلىكتۇر. ئەكسىچە ئەگەر زامان، ماكانىنى پەرقلەندۈرمەي، ئاننا كىشىلەرنىڭ نىكاھ - مۇھەببەت مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشىدىكى مەڭگۈلۈك ئۈلگە قىلىنىدىغان بولسا، بۇ تېخىمۇ خاتا بولىدۇ. پەقەت ئۇنىڭ تىراگېدىيىسىنى روسىيىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي، تارىخىي شارائىتى بىلەن باغلاپ باھا بەرگەندىلا، ئاندىن توغرا يەكۈن چىقارغىلى بولىدۇ.

تولستوي ئاننا ئوبرازىنى يارىتىش جەريانىدا ئاننانىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى بىلەن ئىچكى گۈزەللىكىنى كۆرسىتىش ۋە تەسۋىرلەشكە باشتىن - ئاخىر ئىنتايىن دىققەت قىلىدۇ. تولستوينىڭ مۇنداق قىلىشى تاسادىپىي ئەمەس. بۇ ئەسەرنىڭ (باش) تېماتىك ئىدىيىسى ۋە سيۇژېت تۈزۈلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ يازغۇچىنىڭ ئانناغا بولغان ھېسداشلىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەسەرنىڭ تېماتىك ئوبراز تۈزۈلۈشىدىن قارىغاندا، ئاننا سەمىمىي، ئەقىللىق، قىزغىن، ھېسسىياتلىق، ئىدىيىسى بىر قەدەر ئازات ئايال بولمىغان بولسا، ۋورونىسكى بىلەن ئاننانىڭ مۇھەببەت مۇناسىۋىتىمۇ يۈز بەرمىگەن، كارېنىن ئائىلىسىمۇ پارچىلانمىغان ھەمدە كىشىلەرمۇ مۇنداق بىر ئايالغا ھېسداشلىق قىلمىغان بولاتتى.

ئاننانىڭ تاشقى گۈزەللىكى ۋە ئىچكى دۇنياسىنىڭ گۈزەللىكى چوڭ فېئودال تۆرە كارېنىننىڭ «سۆرۈن ئەلەتى» ۋە چاكىنا، سوغۇق ئىچكى دۇنياسى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىدۇ. بۇ خىل تەسۋىرلەردە ئاننا بىلەن كارېنىننىڭ قوشۇلىشى نامۇۋاپىق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكى

كۆرسىتىلىدۇ. يەنى ئاننا بىلەن كارېنىننىڭ توي قىلىشى ـ مۇھەببەتنىڭ نەتىجىسى ئەمەس، بەلكى ئائىلە باشلىقى ئىرادىسىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، مۇنداق فېئوداللىق نىكاھ ئەينى ۋاقىتتىكى پاترىئارخاللىق تۈزۈمىدىكى روسىيە جەمئىيىتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ئۇيغۇن كەلسىمۇ ھەم ئاننا بۇ ئائىلىدە ماددىي نېمەت جەھەتتىن ناھايىتى باياشات ياشىسىمۇ، ئەمما ئاللىقاچان ئاننانىڭ تىراگېدىيىلىك تەقدىرىنىڭ ئۇرۇقىنى كۆمگەنىدى. خۇددى ئاننانىڭ ئاكىسى ئىستىپان ئېيتقاندەك، ئاننا ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەندە ۋە ئاننانىڭ كارېنىنغا «قىلچە مۇھەببىتى بولمىغان، ھەتتا مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان» ۋاقىتتا ئاننانىڭ ھاماچىسى ئەلچى بولۇپ، ئۇنى ئۆزىدىن 20 ياش چوڭ بولغان كارېنىنغا ياتلىق قىلىشى «بىر خاتالىق ئىدى» . ئاننا كارېنىن بىلەن بىللە بولغاندا ئۆزىدە ھەقىقىي مۇھەببەت بارلىقىنى ھېس قىلمايدۇ. تويدىن كېيىنكى 8 يىل ئىچىدە ئاننا روھى قەپەزگە سولىنىپ ئىنتايىن ئازابلىنىدۇ. ئاخىرى «مەن ئادەم . . ماڭا مۇھەببەت كېرەك، ماڭا تۇرمۇش كېرەك» دەپ توۋلايدۇ. ئۇ كىشىنى قۇل قىلىدىغان تۈزۈملەرنى بۇزۇپ تاشلاپ ھەقىقىي ئادەملىك قىممىتىگە ئېرىشىشكە ئىنتىلىدۇ. مانا بۇ ئاننا خاراكتېرىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يېرى. ئاننا بىلەن كارېنىننىڭ ئىدىيە، خاراكتېر جەھەتتە بىر ـ بىرى بىلەن چىقىشالماسلىقى كارېنىن ئائىلىسىنىڭ پارچىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بىۋاسىتە سەۋەب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاننانىڭ بۇرۇختۇم بولۇپ قالغان ھېسسىياتى ھەر ۋاقىت پارتلىشى مۇمكىن ئىدى. «چىرايلىق» ، «سۆيۈملۈك» ، «يېقىملىق» بولغان پادشاھ گۋاردىيىسى ھەربىي ئەمەلدارى ۋرونىسكى ئاننانىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلغاندا، ئاننادا ئۆزۈندىن بۇيان بوغۇلۇپ كەلگەن ھېسسىيات بىردىنلا بېسىۋالالمايدىغان دەرىجىدە پارتلايدۇ.

ئەلۋەتتە، ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ دۆلەت ئاپپاراتى، قانۇنلىرى، دىنىي ئەقىدىلىرى، ئەخلاق قائىدىلىرى، ئۆرپ ـ ئادەت ھەققىدىكى جامائەت پىكرى قاتارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچلەرنىڭ بېسىمى، ئاسارىتى ئاستىدا، ئاننانىڭ شەخسىي بەخت ھەققىدىكى غايىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى پۈتۈنلەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئاننانىڭ شەخسىي بەختى توغرىسىدىكى خىياللىرى پەقەت ناھايىتى كىچىك، ناھايىتى تار دائىرىدە، ناھايىتى قىسقا مەزگىل ئىچىدە ئاز ـ تولا ئەمەلگە ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئاننا ئاخىرى شۇ تۈپەيلىدىن ھالاك بولىدۇ. ئېرىنىڭ قولى بولۇشنىمۇ، ئاشنىسىنىڭ ئويۇنچۇقى بولۇشنىمۇ خالىماي، كارېنىن، ۋرونىسكى ۋە پۈتكۈل يۇقىرى تەبىقىگە بولغان غەزەپ ـ نەپرەت ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆزىنى پويىز ئاستىغا ئېتىپ بەختسىز ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

لۇشۈن تىراگېدىيىنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرى توغرىسىدا: «تىراگېدىيە ئىنسانلار تۇرمۇشىدىكى قىممەتلىك نەرسىلەرنى ۋەيران قىلىپ كۆرسىتىدۇ» دېگەنىدى. ئاننانىڭ تىراگېدىيىسىنى مۇشۇ نۇقتىدىن كۆزىتىش مۇمكىن. ئاننا دۇچار بولغان ھەر خىل ئاقىۋەتلەرنىڭ چوڭقۇر ئىجتىمائىي يىلتىزى بار.

(1) ئاننانىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى ـ ئىجتىمائىي خاراكتېرلىك تىراگېدىيە.

ئاننانىڭ ئوبرازىنى ئىجتىمائىي خاراكتېرلىك زىددىيەت توقۇنۇشلار ئىچىدە تەسۋىرلەش ـ تولستوينىڭ ئاننا ئوبرازىنى يارىتىشتىكى ئاساسلىق بىر ئۇسۇلى. يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتى ئىپلاسلىق، چىرىكلىك، ساختىلىق بىلەن تولغان. ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ قانۇنى بىلەن ئەخلاقىي، يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتىنىڭ مۇشۇ خىل زۇلمەتلىك تەرتىپلىرىنى ھىمايە قىلىدۇ. بۇنداق جەمئىيەتتە سەمىمىي، ساداقەت جۇملىدىن ھەقىقىي مۇھەببەت بولمايدۇ. ئاننانىڭ يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى

كىشەنلىرىنى چېقىپ تاشلاپ، ۋورونىسكىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتىنىڭ ساختا ئەخلاقىي ۋە ئائىلە تەرتىپلىرىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئاننا ئۆزىنىڭ مۇھەببەت ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئاشكارە بىلدۈرگەن ۋاقتىدا، يۇقىرى قاتلام جەمئىيەتىنىڭ ئەركە بالىسى بولماي بەلكى، يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتىگە يات بىر ئادەم بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاننا پۈتكۈل يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتىنىڭ زەربە بېرىش نىشانىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ ئاننا تىراگېدىيىسىنى پەيدا قىلغان تۈپكى ئامىل. ئاننانىڭ يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتىدىكى كونا ئەخلاق چۈمپەردىسى بىلەن ئۆزىنى نىقابلاپ، ئاستىرتتىن شەھۋانىي تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن باشقا ئاقسۆڭەك ئاياللىرىدەك ياشىماسلىقى، بىر ئادەمنى چىن دىلىدىن، ئوچۇق - ئاشكارە ياخشى كۆرۈشى جىنايەت ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئۇ ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىنىڭ تۆھمەت قىلىدىغان ۋە يۇقىتىدىغان ئوبيېكتى بولۇپ قالغانىدى. كارېنىن ئاننانىڭ ھەرىكەتلىرىدىن ئازابلىنىدۇ. چۈنكى ئاننا گەرچە كارېنىن ئائىلىسىدە بىر مەزگىل «دىيانەتلىك ئايال، مېھرىبان ئانا» بولغان بولسىمۇ، لېكىن باشتىن - ئاخىر كارېنىننى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئىككەيلەننىڭ بىرىكىشى خۇددى مۇزغا ئوت ياققان، تاشنى تاياقتا تاڭغاندەكلا بىر ئىش ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئاننا مەسىلىسىدە كارېنىننى ئەڭ ئازابلىغان نەرسە ئۆز ئايالىنىڭ ناپاكلىقى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ بۇنداق ناپاكلىقىنى يوشۇرمىغانلىقى بولىدۇ. ئۇ ئانناغا ئۆز ئۆيىدە ئۇنىڭ ئاشنىسى بىلەن ئۇچراشماسلىقنى شەرت قىلىپ قويۇپ تۇرۇپ، ئاننا بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇ ئاننا بىلەن ئاجراشماقچى بولىدۇ - يۇ، ئۆزى ياخشى كۆرمىسىمۇ بالىنى ئاننادىن تارتىۋالىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى ساقلاش بىلەن بىرگە ئاننانى جازالاش ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قىلمىشىنى قىلچىلىك رەھىمسىزلىك ۋە ئەخلاقسىزلىك دەپ قارىمايدۇ. كېيىن ئۇنىڭ ئاننانىڭ ئاجرىشىش تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلىشى ئاننانىڭ ئۆلۈمىنىڭ بىر سەۋەبى بولۇپ قالىدۇ.

ئومۇمەن، ئاننانىڭ ئاتالمىش بارلىق «جىنايىتى» باشقىلار مەجبۇرلىغان نىكاھ كەلتۈرگەن بەختسىزلىككە كۆنمىگەنلىكتىن، ساختا، سوغۇق، تېتىقسىز چوڭ تۆرە كارېنىننىڭ قولىدا قول بولۇۋېرىشنى خالىمىغانلىقتىن ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ساختا ئائىلە تەرتىپلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ھەقىقىي مۇھەببەت ئىزدىگەنلىكىدىن ئىبارەت.

ئېنگېلس تىراگېدىيىلىك زىددىيەت «تارىخنىڭ مۇقەررەر تەلىپى بىلەن مۇشۇ تەلەپنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىشقا ئېشىشىنىڭ مۇمكىنچىلىكى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتۇر» دەپ كۆرسەتكەنىدى.③ شۇڭا ئاننانىڭ ئۆز ھاياتىنى ئۆلتۈرۈش بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشى ئاكتىپ كۆرەش بولماستىن، پاسسىپ قارشىلىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى ئاشۇنداق بىر ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە تارىخىي شارائىتتا قولىدىن كېلىدىغاننىڭ ھەممىسىنى قىلدى دېيىشكە بولىدۇ.

(2) ئاننانىڭ قۇرۇق سۆلەت بايۋەتچە ۋورونىسكى بىلەن مۇھەببەتلەشكەنلىكى - ؟ ! نىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم سەۋەب.

ۋورونىسكى، پېتربورگتىكى قۇرۇق سۆلەت بايۋەتچە بولۇپ، ئۇ ئاننانى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. ئۇ ھېسسىيات، ئىقتىدار، ئەخلاقىي پەزىلەت، ئىرادە جەھەتلەردە ئاننادىن ناھايىتى تۆۋەن تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ ئەزەلدىن ئاننانى توغرا چۈشىنەلمەيدۇ. ئاننانى ئاننا ئۇنى سۆيگەندەك سۆيەلمەيدۇ. ئاننا ئۆزىنىڭ شەخسىي بەخت ھەققىدىكى خىياللىرىنى مۇشۇنداق بىر شەخسكە باغلايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ

كۆڭۈلدىكىدەك بولماسلىقى تەبىئىي ئىدى.

ۋورۇنېسكى يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتىنىڭ بىر ئەزاسى. ئۇ يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتىدە خىلمۇ خىل ئاقسۆڭەكلەرچە بىر تەرەپلىمە قاراشلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن 19 - ئەسىر روس ئەدەبىياتىدىكى كۆپ قېتىم تەسۋىرلەنگەن «ئارتۇقچە ئادەم» لەرنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ مەنىۋىيىتىدە بايۋەتچىلەرنىڭ نۇرغۇن يامان ئەخلاقىي ئىللەتلىرى يوشۇرۇنغانىدى. ئەگەر كارېنىننى ئاننىغا پەقەت ئۆزىنىڭ خوتۇنى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۇنى بىر ئايال، بىر ئادەم ئورنىدا كۆرمەيدۇ دېسەك، ئۇنداقتا ۋورۇنېسكىنى ئاننانى بىر ئايال ئورنىدا كۆرىدۇ، ئۆزىنىڭ خوتۇنى ئورنىدا كۆرمەيدۇ دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئائىلىنى كىشەن ھېسابلاپ، ئۇنىڭ يۈكىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ شەھۋانىي نەپسىنى ۋە شۆھرەتپەرەسلىكىنى قاندۇرغاندىن كېيىن، ئاننىغا سوغۇق مۇئامىلىدە بولىدۇ. ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە باشتىن - ئاياق ئىپلاس نىيەتلەر يوشۇرۇنۇپ كېلىدۇ. ئۇ نام - مەنپەئەتتىن كېچەلمەيدۇ. يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتىدىنمۇ كېچەلمەيدۇ. شۇنداقلا مۇھەببىتىنىڭ سۇسلىقى ۋە ئىقتىدارىنىڭ ئاننادىن خېلىلا تۆۋەن بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئاننانىڭ پاك مۇھەببىتىنى قەدىرلىيەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئېغىر دەرت - ئەلەملىرىنى، ئۈمىتسىزلىكىنى چۈشىنەلمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاننانى، ئۇنىڭ ھاياتىنى تۇتۇپ تۇرغان ئاخىرقى بىر تال ئىنچىكە يىپ ئۈزۈلىدۇ! ۋورۇنېسكى ئاننانىڭ پاجىئەسىدە شەرمەندە رول ئوينايدۇ. ئۇ ئاننانى ھايات كەچۈرۈشكە بولغان جاسارىتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. پويىز ئاننانىڭ جىسمىنى يەنچىگەن بولسا، ۋورۇنېسكى ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى يەنچىيدۇ.

(3) ئاننانىڭ ئۆزىدىكى زىددىيەت ئاننانىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىنىڭ قانۇن، ئەخلاق، دىن، جامائەت پىكرى ئالدىدىكى ئاجىز ئورنى، ئاقسۆڭەكلەرچە تۇرمۇش ۋە تەربىيىنىڭ مەنىۋى ئاسارىتى بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يېتىلگەن شەخس بەختكە بولغان ئىنتىلىش ئاننانىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى زىددىيەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل زىددىيەتلەر ئاننانى ھەم باتۇر قىلىدۇ ھەم ئاجىزلاشتۇرىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنى ئۆزىنى ھالاك قىلىشتىن ئىبارەت پاجىئەلىك يولغا مەجبۇرلايدۇ. ئاننا بەربىر ئاقسۆڭەك ئايال بولغىنى ئۈچۈن نۇرغۇن بىر تەرەپلىمە قاراشلارنىڭ ئاسارىتىگە ئۇچرىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ چۈشكە، بىشارەتكە، خۇداغا ئىشىنىدۇ. ئۇ قىيىن شارائىتتا قالغان چاغدا كۆپ قېتىم خۇداغا ئىلتىجا قىلىدۇ. ئۇ كارېنىندەك، ئۆزىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا «ئادەم ئەمەس» ئادەمنى قايتا - قايتا «ئۇ ئاق كۆڭۈل ئادەم» ، «ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيمەن» دەيدۇ. ئۇ كۆزى يورىغاندا، خۇدانىڭ جازالاش ۋەھىمىسى ئۇنى ئېرىدىن تەلۋىلەرچە كەچۈرۈم سوراشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئۇ قايتا - قايتا تۇۋا قىلىدۇ.

ئاننانىڭ ۋورۇنېسكىغا بولغان مۇھەببىتى زىددىيەتلىك كەيپىيات ئىچىدە پەيدا بولىدۇ، كۈچىيىدۇ، ئەمەلگە ئاشىدۇ ۋە نابۇت بولىدۇ.

دېمەك، يۇقىرىقىلار ئاننانىڭ ئېچىنىشلىق، ئازابلىق، قۇتۇلۇشقا ۋە چىقىش يولىغا ئېرىشىشكە ئەسلا مۇمكىن بولمىغان روھىي زىددىيىتىدۇر. يازغۇچىنىڭ ئاننانىڭ تەقدىرىنى تىراگېدىيىلىك بىر تەرەپ قىلىشى تۇرمۇشنىڭ ئۆز لوگىكىسىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

ئاننانىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى كىشىگە گۈزەللىككە ئىنتىلگەن، ئەمما يېتىشەلمەي، ھاياتتىن ئۈزۈل كېسىل ئۈمىد ئۈزگەن ۋە ئاخىرى گۇمران بولغان بىر ئەۋلادنىڭ تەقدىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەينى دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ھالىتىگە سېلىشتۇرغاندا، ئەركىن مۇھەببەت، مەنىۋى گۈزەللىك، شەخس ئەركىنلىكى، ئەنئەنە چەكلىمىسىدىن ئۆزۈپ چىقىش غايىسى - يېڭى بىر ئەۋلادنىڭ يۈكسەكلىككە ئىگە ئىنتىلىشى ئىدى. ئاننانىڭ ئىنتىلگىنى رېئال مۇھەببەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭ بارلىق غايىسى ۋە پائالىيىتى قانداقلا بولمىسۇن يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتىگە قارىتا بىر خىل زەربە، بىر خىل قارشىلىق كۆرسىتىش ھېسابلىنىدۇ.

ئاننا ياشاۋاتقان مۇھىت ئاننىغا پەقەت مۇشۇ دائىرە ئىچىدىكى شەخسلەر بىلەنلا ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتى بېرەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاننا مۇشۇ مۇھىت ئىچىدە تۆرەلگەن، ياشىغان. ئۇنىڭ ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان جىنايى قىلمىشلارغا تولغان بۇ دائىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، باشقا بىر خىل مۇھىتتا ھايات كەچۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئاننانىڭ تۈرلۈك چەكلىمىلەرگە ئۇچرىشى، كارېنىن بىلەن ۋرونىسكىنىڭ ئاننانىڭ تىراگېدىيىسىدە شەكىل جەھەتتىن ئوخشىمىغاندەك قىلغان بىلەن ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشاش بىر رول ئوينىشى (بىرسىنىڭ ئاننانىڭ تىراگېدىيىلىك تەقدىرىنىڭ ئۇرۇقىنى پەيدا قىلىشى، يەنە بىرسىنىڭ بۇ ئۇرۇقنى بىخلاندۇرۇش رولىنى ئوينىشى) ئاننانىڭ تىراگېدىيىسىنى ساقلانغىلى بولمايدىغان مۇقەررەرلىككە ئىگە قىلىدۇ. ئۇندىن باشقا ئاننانىڭ ئۆزىدىكى زىددىيەتلەرمۇ ھەم شۇنداق. ئاننا ئۆز خاراكتېرىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان زىددىيەتلەرنى ئۆزۈل - كېسىل يېڭەلمىدى. ئۇ ئۆزى ئېرىشمەكچى بولغان تۇرمۇشقا ئىنتىلىش جەريانىدا، ھەمىشە ئۆز ئۆزىنى ئەيىپلەشتىن خالىي بولالمىدى. ئۆز بەختىگە نىسبەتەن كەسكىن پوزىتسىيە تۇتالمىدى. ئارىسالدى بولۇپ قالدى. مۇرەسسەچىلىك ئىدىيىسىدىن قۇتۇلالمىدى. ئۇنىڭ قەيسەر خاراكتېرى ۋەھىمە، ئۈمىدسىزلىنىش، گۇمانلىنىشلاردىن خالىي بولالمىدى. بۇ ئۇنىڭ روھىيىتىدە فېئوداللىق ئەخلاق ۋە دىنىي قاراشنىڭ خۇددى تامغىدەك ئىز قالدۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئاننانىڭ ئۆلۈم ئالدىدا «ئۇلارنىڭ ھەممىسى ساختا، ھەممىسى يالغان، ھەممىسى جىنايەت»④ دېگەن شىكايىتى - ئاقسۆڭەكلەرگە چىقارغان ھۆكۈمنامە بولۇش بىلەن بىرگە بۇرژۇئازىيىنىڭ ئاجىزلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. چۈنكى ئاننا ئىسيانكار ئايال سۈپىتىدە ئۆزى تەۋە تەبىقىگە قارشى شىكايەت ئېلان قىلالىغىنى بىلەن، ئۆز شىكايىتىنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئۆز ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزىدىكى ئوبيېكتىپ، سۇبيېكتىپ توسالغۇ، زىددىيەتلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزۈل - كېسىل كۆرەش قىلالمىدى. دېمەك، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئاجىزلىقى ئاننانىڭ ۋۇجۇدىدا ئىپادىلەندى. بىراق ئاننا يەنىلا دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى ئاياللارنىڭ شانلىق ئوبرازى، ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي باراۋەرلىكىنى، مۇھەببەت، ۋىجدان ئەركىنلىكىنى كەسكىن تەلەپ قىلىشىنىڭ ئۆلگىسى. ئۇنىڭ تىراگېدىيىسى بىزنىڭ ئەينى دەۋر رۇس يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتىگە بولغان كۈچلۈك غەزەپ - نەپرىتىمىزنى، ئاننىدەك پاجىئەلىك تەقدىرگە يولۇققۇچى ئاياللارغا بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىمىزنى قوزغايدۇ.

---

① كۆۋاڭ شىڭ: «تولستوي ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى» بېيجىڭ 1982 - يىل نەشرى. خەنزۇچە 79 - بەت.

②③④ لېۋنىكولايېۋىچ تولستوي «ئاننا - كارېنىنا» خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى بېيجىڭ 1982 - يىل نەشرى. خەنزۇچە.

# 新疆社科论坛(维吾尔文版)

新疆维吾尔自治区社会科学界联合会主办

1996年第四期
(总第34期)

副主编
斯拉木江.谢里甫


## 主要目录


### 哲学、政治理论

论控制新疆人口的必要性 …… 斯.玉努斯 1
论邓小平的哲学思想及其特点 …… 伊.克由木 6

### 市场经济

市场经济不仅是«法制经济»,而且是«法治经济» …… 买买提力.达尼 10

### 历史、地名

从吐鲁番发现的特殊文物 …… 阿.柯尤木 18

### 道德素质

社会主义市场经济条件下要正确认识伊斯兰教道德的实质 …… 买.塔衣尔 30

### 风俗、习惯

从«突厥语大辞典»看维吾尔人的服饰文化 …… 塔.买买提 33
维吾尔语中«你好»一词的来源及内容 …… 海.祖农 40

### 教育

生活困难的大学生需要社会的关注 …… 乌.肉孜 43

### 新闻出版

民族出版事业和创造性 …… 阿.阿不德热合曼 55

### 文学、艺术

维吾尔人在清朝时期的文学及特点 …… 海.吾斯曼 60
诗的艺术.诗人的思维 …… 郝斯力汗 63
悲剧人物安娜 …… 艾比布拉,古丽仙 74


---


编委:阿.热杰甫,阿.热合满,阿.托乎提,阿.纳斯尔丁,帕.斯义德,买.亚森,买.热介甫,买.夏哈比丁,买.吾斯曼,米吉提.伊明,塞.禾维尔,赛.艾沙,图.沙德尔,谢.伊明,斯.谢里甫,库.艾则孜

责任编辑:斯.谢里甫,凯.柯尤慕

# مۇشتەرىلار دىققىتىگە:

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، مەملىكەت ئىچىگە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان، شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ بىرى. بۇ ـ پەلسەپە، مائارىپ، تارىخ، مەدەنىيەت، ئىقتىساد، تىل، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، پەن ـ تېخنىكا، دىن، ئەخلاق، باشقۇرۇش، ئارىلىق پەنلەر بويىچە ئالىم ـ مۇتەخەسسىس ۋە ئەمەلىيەت ئۈستىدىكى ھەۋەسكارلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى، دۇنيا بويىچە بارلىققا كېلىۋاتقان كۈندىلىك تۇرمۇش ھەم خىزمەتلىرىمىزگە مایاك بولىدىغان كەشپىيات ھەم ئىختىرالارنى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئىخچام تونۇشتۇرۇپ، ئىلىم ـ پەننى گۈللەندۈرۈش، خەلقنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىدىغان يېڭى بىر بىلىم مۇنبىرى. بۇ ژۇرنالنىڭ تەھرىر ھەيئەتلىرى ئالىملار ۋە ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبىلىرى مول بىلىملىك رەھبەرلەردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۇلار ئادەمنىڭ كامالىتىنى نىشان قىلغان ھالدا سىزنى دانايى ـ دانىشمەنلەر، پىرى ـ ئۇستازلار، ھەققانىي ئىلىم چولپانلىرى، سەنئەتكارلار، ئۇلۇغ ھەكىم ھەم پىسخولوگلا بىلەن ئۇلپەتلەشتۈرۈپ، قەددىڭىزنى رۇسلاپ زامانىۋى قەدەم بېسىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ، بىز سىزنىڭ بۇ ژۇرنالنى زېرىكمەستىن بىر يىل ئوقۇپ بېقىپ ئاندىن بىر پىكىر بېرىشىڭىزنى سورايمىز! ژۇرنىلىمىزنىڭ بىر يىللىق سانلىرىغا 12.00 يۈەندىن ياكى خالىغان بىر سانىغا 3.00 يۈەندىن تۆلەپ مۇشتىرى بولغايسىز.

پۇل ئەۋەتىدىغان ئادرېسى: ئۈرۈمچى «يەنئەن» يولى 46 ـ قورو
«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
ئالاقىلاشقۇچى: ليۇسۇچىڭ، تېلېفون نومۇرى 2862025

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» « 新疆社科论坛 »
مەملىكەت بويىچە ئاشكارا تارقىتىلىدۇ 全国公开发行

---

ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ نەشر ئەپكارى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللىي باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: 1/CN65—1147/C
پوچتا ئارقىلىق مۇشتىرى بولۇش نومۇرى: 136 ـ 58
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ
باھاسى: 3.00 يۈەن
ئورنى: ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 46 ـ قورۇ، پوچتا نومۇرى: 830001
تېلېفون: 2861273 تېلېگراما: 3027
مۇقاۋىنى ئوبۇلقاسىم ئەمەت لايىھىلىگەن